# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

6

1988

AltunOq

# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

1988 - يىل 6 - سان (ئومۇمىي 36 - سان)

باش تەھرىر: چوڭ ھاجى      مۇئاۋىن باش تەھرىر: جاپپار روزى


---

## مۇندەرىجە


سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى مەنبەسى ............ ئابدۇقادىر مۇھەممەت (2)

پەننىڭ ئىجتىمائىي رولى ............ سەمەت خېۋىر (7)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم ............ ئابلەت نۇردۇن (28)

يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭ «پادىشاھلىرى» ............ شىرىپ خۇشتار (40)

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ............ ھاجى نۇر ھاجى (49)

شەيخ سەئدى ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............ ئابلاجان مۇھەممەت (73)

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تارىختىكى رولى ............ ئەركىن ئابدۇرەھىم (84)

قىممەت قانۇنى — تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنى ............ ئابابەكىم ھەسەن (96)

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» پروگراممىسى ............ ئا. مۇھەممەتئىمىن (103)


---


بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قاھار ھامۇت

# سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى مەنبەسى

ئابدۇقادىر مۇھەممەت

ھازىر سۆزلىنىۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى نەزەرىيەسىنى بىز ئىجاد قىلغان ئەمەس. ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلار ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن بۇ مەسىلىنى شەرھىيلىگەن ئىدى. بىز ئالدى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىز لازىم.

نەزەرىيە مەنبەسىدىن قارىغاندا، سوتسىيالىزمنىڭ[*] دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى — ماركسىزمنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب نەزەرىيەسى بىلەن ئىنقىلابنىڭ باسقۇچلىقى نەزەرىيەسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش دەۋرىدىكى يېڭى تەرەققىياتى، شۇنداقلا، ماركسنىڭ «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇلۇق نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجى. بۇ ئەسەردە ئۈچ چوڭ نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭدا كوممۇنىستىك جەمئىيەتنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش پرىنسىپى بار. پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، بۇ جەمئىيەت قانداق تەرەققىي قىلىدۇ؟ ماركس ئېنىق قىلىپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن: بىرى — ئۆتكۈنچى دەۋر. ئۆتكۈنچى دەۋردىن كوممۇنىزمغا يېتىش؛ كوممۇنىزمنى يەنە ئىككى باسقۇچقا بۆلگەن، بىرى — بىرىنچى باسقۇچ، يەنە بىرى يۇقىرى باسقۇچ. بىرىنچى باسقۇچ بىلەن يۇقىرى باسقۇچ ئەزەلدىن تەڭداش سۆز ئەمەس. بىرىنچى باسقۇچ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ يەنە ئىككىنچى باسقۇچنىڭ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ— قانداق؟ بۇ مەسىلىلەر ماركس ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، جاۋابسىز قالغان. ئەمما، «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسەردە نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭ باسقۇچلارغا بۆلۈنگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇ — ناھايىتىمۇ زور تۆھپە. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزمنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋر نەزەرىيەسى كوممۇنىزمنى باسقۇچلارغا



AltunOq

بۆلۈشنىڭ پرىنسىپى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا ناھا-
يىتى زور يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى بار. ئەمەلىيەتمۇ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر
ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان پارتىيە ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بۇ ئۈچ
نەزەرىيىگە خىلاپلىق قىلسا، تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدۇ. ھازىر قارايدىغان
بولساق، ئۈچ چوڭ باسقۇچقا بۆلۈش، بىزنىڭكىدەك ئارقىدا قالغان دۆلەتنىڭ ئىنـ
قىلاب، ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. بىراق،
ماركس، ئېنگېلسلار ئەينى ۋاقىتتا بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرگەن ئىدى.

ئېنگېلس كاپىتالىزمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىغا ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەتلەر ھەم يېرىم مەدەنىي دۆلەتلەردە مىللىي ھەرىكەتلەر ۋە دېموكراتىك ئىنقىلابلار كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنگېلس گەرچە پۈتۈنلەي «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسەرىدىكى كۆز قاراشلارنى قوللىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇ كوممۇنىزمنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش ئۇسۇلىنى تەكىتلىگىنى يوق. چۈنكى، ئۇ ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ ئىنقىلابى بىلەن مەدەنىي دۆلەتلەر ئىنقىلابىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدىدىلا 3 باسقۇچ مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى قانداق ئۆتكۈنچى دەۋر مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقان. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ 1882 - يىلى كائۇتسكىغا جاۋاب بەرگەندىكى سۆزلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېنىن، ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، روسىيىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆتكۈنچى دەۋر نەزەرىيىسى ۋە كوممۇنىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ماھىيىتى. ئالاھىدىلىكى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ۋەزىپىسى قاتارلىقلارنى شەرھلىدى. ئۇ ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان دۆلەت قايسى يوللار ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ لازىملىقى، دۆلەت كاپىتالىزمنى تەشكىللەشنىڭ لازىملىقى قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىللە روسىيىدەك بىر ئارقىدا قالغان دۆلەتنىڭ سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، سوتسىيالىزمنىڭ ئۆزىمۇ چوقۇم ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچ ئارقىلىق كوممۇنىزمغا ئۆتۈش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى لېنىن ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تۆھپە ئەلۋەتتە لېنىنغا مەنسۇپ. مەسىلەن: لېنىن «تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت»، «مۇكەممەل سوتسىيالىستىك جەمئىيەت» قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئىشلەتكەن. 1919 - يىلى لېنىن يەنە بىز، پومېشچىك كا-

پىتالىستلارنى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغاندىن كېيىن، ئىگە بولغىنىمىز پەقەت دەسلەپكى سوت-
سىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىدىن ئىبارەتلا بولدى، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.
ئىمكانىيەت ھەرگىزمۇ رېئاللىققا بارابەر ئەمەس. ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈ-
چۈن جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، كوممۇ-
نىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان سوتسىيالىزممۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈ-
رەش قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدىغان باسقۇچلارغا بۆلۈنىدىغانلىقىدىن ئىبا-
رەت مەسىلە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. رۇسىيىنىڭ ئالدى بىلەن ئۆتكۈنچى دەۋ-
رىدىن دەسلەپكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىرگەنلىكىنىمۇ لېنىن ئېنىق بېكىت-
كەن. ئەلبەتتە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي بەلگىلىمىسىمۇ ئابستراكتلىقتىن كون-
كرېتلىققا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، لېنىن سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماركس،
ئېنگېلسلارغا نىسبەتەن كونكرېت جاۋاب بەردى. ئۇ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە
يەككە ھالدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بولسىلا بولمايدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ دەرھاللا
يوقالمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ھەم تاۋار ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك
جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئىنكار قىلمىغان؛ ھەم مۇئەي-
يەنلەشتۈرمىگەن. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەت بۇنداق مۇمكىنچىلىكنى تولۇق
ئاساسلار بىلەن تەمىنلىمىگەن ئىدى.

لېنىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ستالىن 1936 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىردى، دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، لېنىننىڭ سوتسىيا-
لىزمنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى داۋاملاشتۇرمىدى ۋە
تەرەققىي قىلدۇرمىدى. ئەكسىچە، ئۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت-
نى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ بولدى، دەپ قارىدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەت
ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە كېيىنكى قەدەم چوقۇم كوممۇ-
نىزمغا ئۆتۈش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئالدىراپلا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىنى
بىرلا خىل بولغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە ئۆزگەرتتى، تاۋار ئىگىلىكىنى
يوقاتتى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشقا
ئۆزگەرتتى ۋاھاكازالار. شۇنداق قىلىپ، كېيىنچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىر-
گەن دۆلەتلەر ئۆتكۈنچى دەۋر بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ چەك - چېگرى-
سىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، ياكى كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بىلەن يۇقىرى باس-
قۇچىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، ۋە ياكى دۆلەتنىڭ ئەھۋالى، شارائىت
بىلەن ھېسابلاشماي، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنى مېخانىك ھالدا تەقلىد قىلىپ،
ئۆتكۈنچى دەۋردىن ئالدىراپلا ئۆتۈپ كېتىش مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەگەر
تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ئىنقىلاب ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆپلەپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، ھېچىلىسە، ئۇنداقتا بىزدەك ئارقىدا قالغان، يېرىم مەدەنىي دۆلەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر جەريان كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت يەنىلا مۇكەممەللىشىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. لېنىن قايتا - قايتا: ھەر قايسى ئەللەر دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، رۇسىيەلىكلەرنىڭ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى باشلىشى بىر قەدەر ئوڭاي، ئەمما، ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى پۈتۈنلەي قۇرۇپ چىقىشى بىر قەدەر قىيىن، دېگەن ئىدى. لېنىننىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرى توغرىسىدىكى بۇ ئىلمىي ھۆكۈمى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدىغان باسقۇچ ئىكەنلىكىنىڭ ئاساسى.

تارىخىي باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىش ستالىندىن باشلانغان. گەرچە كېيىنكىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى: سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندى دەپ ھېسابلىدى، ياكى تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇردى دەپ قارىدى. شۈبھىسىزكى بۇ كېيىنكى بىر قەدەم كوممۇنىزمغا ئۆتۈشتىكى مەسىلە ئىدى. بۇ خىل قاراش پولشاغا تەسىر كۆرسەتتى. پولشا ۋەقەسىدىن ئىلگىرى، پولشامۇ تەرەققىي تاپقان سوتسىيالىزم قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئەمما، ئۆتكەن يىلى ئۇلار بىراقلا ئۆتكۈنچى دەۋرگە چېكىندى. تېخى يېقىندا گورباچېۋ ئاقىلانىلىق بىلەن: ئۇلار تەرەققىي قىلىۋاتقان سوتسىيالىزم، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

دۆلىتىمىز ئۆتكۈنچى دەۋر ۋە كوممۇنىزمنىڭ ئىككى باسقۇچى توغرىسىدىكى تونۇشتا پەرق بولغانلىقى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ باسقۇچلىقى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىكىگە بولغان تونۇشتا مۇجمەللىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەت جەريانىدا «سول» چىل خاتالىق ئۆتكۈزدى. يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» سىستېمىز بار ئىدى. ئۆتكۈنچى دەۋرگە كەلگەندىمۇ بىز بىر قەدەر سەگەك ئىدۇق. 1956 - يىلى پارتىيىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيىدىلا، ئېلىمىزدە پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى، بىر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى سىنىپىي ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم دۆلىتىمىزدە ئاساسىي جەھەتتىن ئورنىتىلدى، دەپ رەسمىي ئېلان قىلىنغان ئىدى. دۆلىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ ئىلغار، سانائەتلەشكەن دۆلەت قۇرۇش تەلىپى بىلەن قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن ئىبا-

رەت رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ خەلقنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنى تېز راۋاجلاندۇرۇش تەلىپى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادى، مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ تەلەپىنى قاندۇرالمايۋاتقانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، دۆلىتىمىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن ئىلغار، سانائەتلەشكەن دۆلەتكە تېزراق ئۆزگەرتىش ئىدى. بەزى ئورۇنلار (گەرچە توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ): پارتىيىمىز ئۆتكۈنچى دەۋر بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ كەلدى؛ ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى؛ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئەمدى «ئاساسىي جەھەتتىن ئورناتقىلى بولىدۇ»، بۇندىن كېيىنكى ئاساسىي زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، 8 - قۇرۇلتايدىن كېيىن خەلقئارادا «پولشا، ۋېنگرىيە ۋەقەسى» ۋە دۆلىتىمىزدە ئوڭچىللىققا قارشى ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەش جەھەتتىكى خاتالىق تۈپەيلىدىن، ياڭزۇ سىياسىي جەھەتتە سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىم پەيدا بولدى. سوتسىيالىزم باسقۇچىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بىر سەكرەپلا كوممۇنىزمغا كىرىش تەلەپ قىلىندى. بۇ خىل «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا كۆرۈلدى. بىز «خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ باش لۇشيەنى توغرىسىدىكى تەكلىپ» تە: «ماركس بىلەن لېنىن كوممۇنىستىك جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى باسقۇچلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى دەۋرگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ» دېدۇق. نەتىجىدە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ئۆتكۈنچى دەۋر ئارىلىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى باسقۇچنىڭ ماھىيىتى، زىددىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋەزىپىسى قاتارلىقلار مۇجمەللىشىپ كەتتى.

11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىن 30 يىللىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، نەزەرىيە جەھەتتىن توغرا يولغا قايتىپ كەلدى. مۇشۇ ئاساستا پارتىيىمىز «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىدىكى دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» دا، ئېلىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دېگەن ئىلمىي يەكۈننى چىقاردى. بۇ يەكۈن پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ستىراتېگىيىلىك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تۈزۈشتە، سوتسىيالىزمنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ياكى تارىخىي باسقۇچلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوڭ ياكى «سول» چىل خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. 13 - قۇرۇلتايدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيە راۋاجلاندۇرۇلدى ۋە بېيىتىلدى. مۇشۇ ئاساستا، پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بەلگىلەندى.

1988 - يىل 30 - مارت

www.uyghurkitap.com



# پەننىڭ ئىجتىمائىي رولى

سەمەت خېۋىر

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مەنسۇپ بولغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدىغان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، قىياپىتى ۋە ئىستىقبالىغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدىغان پەن — تارىخنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئىلمىي تەجرىبە ئەمەلىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تارمىقى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىشى ۋە كېڭىيىشى بىلەن پەننىڭ تەرەققىياتىمۇ زور ھەرىجىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى.

پەننىڭ ئىجتىمائىي رولى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ پەن تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنىدىلا ئەمەس، پەننىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىدە، پەننىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان رولىدىمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلىدۇ. مەن مۇھىمى كېيىنكى ئىككى مەسىلە ئۈستىدە ئۆز قارىشىمنى بايان قىلىمەن.

## 1. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى

پەن - تېخنىكىنىڭ ھازىرغىچىلىك بولغان تەرەققىيات جەريانىنى قەدىمكى زامان، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان دەپ ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن:

(1) قەدىمكى زامان پەن - تېخنىكىسى. بۇ، ئاساسەن قۇللۇق جەمئىيىتى ۋە فېئوداللىق جەمئىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 - ئەسىردىن بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت بۇنىڭدىن تەخمىنەن 500 مىڭ يىل ئىلگىرى (بېيجىڭ ئادىمى دەۋرى) ئوت ئىشلىتىشنى بىلىۋالدى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 20 مىڭ يىل ئىلگىرى ئوقيا ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىپ تەدرىجىي يوسۇندا ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆزىگە كۆندۈرىدىغان، ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرەلەيدىغان، ساپال



AltunOq

قاچىلارنى ياسىيالايدىغان، ئاددىي ئۆيلەرنى ياسىيالايدىغان، ئەڭ ئاددىي توقۇمىچى-
لىق بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇندۇرمە ھالەتتىكى يەن-
تېخنىكا ئىدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 6 – 4 مىڭ يىل ئىلگىرى قەدىمكى زامان
مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى قەدىمكى بابىل – ئاسۇرىيە، مىسىر، گرېتسىيە، ھىندىس-
تان ۋە جۇڭگودىن ئىبارەت بولغان ئىدى. بۇ، رايونلار ئىلگىرى – كېيىن
بولۇپ قۇللۇق جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان ئىدى، ئازچىلىق كىشىلەر جىسمانىي
ئەمگەكتىن ئايرىلىپ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندى. يېزىق كېلىپ چىقتى. ئەم-
گەك قوراللىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا تاش قورال دەۋرىدىن تەدرىجى — يوسۇندا
مىس قورال دەۋرىگە ئۆتتى ھەمدە ئەڭ دەسلەپكى مىس قوراللىرى مەيدانغا كەلدى،
قەدىمكى مىسىردا ياسالغان پىرامىدا، جۇڭگو شاڭجو دەۋرىدىكى نەپىس مىس قوراللار
مۇشۇ دەۋردىكى يەن – تېخنىكا تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى.

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 – ئەسىردىن مىلادىنىڭ 2 – ئەسىرگىچىلىك قەدىمكى
گرېتسىيە قۇللۇق جەمئىيىتىدىكى يەن – تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە
كۆتىرىلگەن ئىدى. گرېتسىيە، ياۋروپا قەدىمكى زامان يەن – تېخنىكىسىنىڭ مەر-
كىزىگە ئايلانغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە بىر تۈركۈم پەيلاسوپلار مەيدانغا كەلدى.
ئارىستوتېلنىڭ ئافىنا ئېقىمى پەلسەپە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتتىن باشقا، ھايۋان-
لارنى تۈرگە ئايرىش، ئاناتومىيە، تەۋرەلمە ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر-
مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئېۋكلىدگېئومېترىيىسى، پتولومېينىڭ يەر مەركىزى
نەزەرىيىسى، گرونتنىڭ تىبابەتچىلىك سىستېمىسى مەيدانغا كەلدى. جۇڭگونىڭ قە-
دىمكى زامان يەن – تېخنىكا تەرەققىياتى دۇنيانىڭ يەن – تېخنىكا تارىخىدا
ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتتى.

جۇڭگودا ھەممىدىن بۇرۇن مىلتىق دورىسى، كومپاس، مەتبە – تېخنىكىسى
ۋە قەغەزچىلىك تېخنىكىسى ئىجاد قىلىندى. مىلادىنىڭ 3 – ئەسىردىن 13 – ئە-
سىرگىچە جۇڭگو يەن – تېخنىكا جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرغان ئىدى.
چۆيۈن قۇيۇش، پار – پۇر قاچا ياساش، ئىپپەكچىلىك ئالدى بىلەن جۇڭگودا
كەشپ قىلىنغان ئىدى. ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، يەر تەۋرەش، تىبابەتچىلىك
جەھەتتىكى بىلىملەر بويىچە غەربىي ياۋروپادىن ئۈستۈن تۇراتتى.

بۇ يەردە ئالاھىدە ئىپتىخارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن تۆۋەندىكى پاكىتلار ئۈس-
تىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. 9 – ئەسىردىن 13 – ئەسىرگىچە ئىسلامىيەت
ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان مەزگىللەردە ئىشلەپچىقىرىش، ئىلىم – يەن ۋە مەدە-
نىيەت گۈللىنىش دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىلار
سۇلتانلىقىدا گرېتسىيە، ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىنىڭ قەدىمكى زامان يەن –

مەدەنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ ئۆز زامانىسىنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتى ئۈچۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىنىڭ گۈللەنگەن مەدەنىيىتىنى ياۋروپاغا، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا تونۇشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان زور بىر تۈركۈم ئالىم، پەيلاسوپ، ھۆكىمالار مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مۇھەممەت خارىزمى، ئەبۇناسىر فارابى، ئەبۇرەيھان بىرۇنى، ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەخمۇت قەشقىرىلار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلار تۈرك تىلىدىن باشقا، پارس، ئەرەب، ھىندى تىللىرىنى ۋە باشقا مىللەتلەر تىلىنىمۇ بىلگەنلىكى ئۈچۈن بىلىم ئېلىش يولىدا دىن، مىللەت، ئىلمىي ئېقىملارنىڭ رامكىسى بىلەن چەكلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، خارلىنىش، تەقىپ قىلىنىش، تۈرمىگە تاشلىنىش، دىشۋارچىلىقتىن كېلىپ چىققان بارلىق مۈشكۈلاتچىلىكلەرنى قەيسەرلىك بىلەن يەڭگەنلىكى ئۈچۈن مول، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەپ ئۇنى ئىلىمگە ۋە ئىنسانىيەتكە ھەدىيە قىلىپ، تارىخنىڭ ئىززەت بىلەن ھۆرمەت قىلىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى، ئالەم ھەققىدىكى قاراشلىرى ئاسمان جىسىملىرى، ماددىنىڭ تەركىبى، ھەرىكىتى، تەدرىجى تەرەققىي قىلىش، جەمئىيەت ۋە پەن ھەققىدىكى قاراشلىرى ئەشۇ دەۋردىن ئىلگىرىكى ئەشۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى قاراشلاردىن، ئۆز زامانداشلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى، يېقىنقى زامانىدىكى ئەشۇ خىل قاراشلارغا خېلىلا يېقىنلاشقان بولۇپ دۇنيا تارىخىدا ئالدىنقى دەۋر بىلەن كېيىنكى دەۋر ئوتتۇرىسىدا ئوبېكتىپ يوسۇندا بىر تارىخىي باغلىنىش رولىنى ئوينىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئۇلار ئاسترونومىيە ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ماددىلىقى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاسترولوگىيىنى (ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، يەردىكى كىشىلەرنىڭ شەخسى تەقدىرى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلىدىغان خۇراپى تەلىمات) رەت قىلىپ مىتافىزىكىلىق قاراشتىن يوچۇق ئاچقان ئىدى. مۇھەممەت خارىزمى① (780 – 847) ئاسترونومىيە ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، ئاسترونومىيە ھەققىدە رىسالە قاتارلىق نەرسىلەرنى يېزىپ، نەجۇلوگىيىگە

---

⑤ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىم، ماتېماتىك، ئاسترونوم، تارىخشۇناس، ئۇ تۈرك، يونان، پارس، ھىندى تىللىرىنى بىلەتتى. ئۇ تىرىشىپ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، تىبابەتچىلىك ۋە تارىخنى ئۆگەندى. ئۇ ھىندىلارنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيىگە ئائىت «سىندى ھىندى» كىتابىنى قايتىدىن ئىشلەپ قىسقارتىلغان «سىندى ھىندى» ئەسىرىنى ئېلان قىلدى، مۇشۇ ئەسەر ئارقىلىق ئەسلىدە ھىندىلارغا تەئەللۇق بولغان – 0،1،2،3،4،5،6،7،8،9 دىن ئىبارەت رەقەم شەكلى ئەرەب رەقەمى نامى بىلەن ياۋروپاغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى.

قارشى چىقتى. ئەبۇ ناسىر فارابى① (870 - 950) ساما (ئاسمان) جىسىملىرى ۋە تەبىئىي (يەر) جىسىملىرى ئورتاق 4 زاتتىن ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن، ماددا ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەرىكەت مەركەزدىن قاچقۇچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلگۈچى ھەرىكەت ۋە زىددىيەتلىك ھەرىكەت دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ، دېدى. 10 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان «مۇراجىئەتنامە»②دا: «ئادەم بىر كىچىك تەبىئەت، تەبىئەت بىر چوڭ ئادەم، ئادەم جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلگەندە روھى جەھەتتىنمۇ ئۆلىدۇ»، «ھازىرقى مەۋجۇد تاغلار يېمىرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۆللەر پەيدا بولىدۇ. دېڭىزلار ئۆز ئورنىنى ئېگىز تەكشىلىك ياكى چۆللەرگە ئالماشتۇرۇشى مۇمكىن. ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جايلار چۆل جېزىرلەرگە، ھازىرقى چۆل - جەزىرىلەر ئاۋات شەھەرلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن» دېيىلگەن. ئەبۇرەيھان بىرۇنى③ (973 — 1048): تەبىئەت مۇستەقىل مەۋجۇدلۇق، ماددا ھەممىنى ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچى،.... ماددا كونكرېت كېيىمدۇر.... ماددا جىم ھالەتتە تۇرمايدۇ.... بىرەر مەسىلىگە ئىلمىي جاۋاب تاپالمىغاندا، ئاندىن دىنىي خۇراپاتقا ئىشىنىپ، ئىلاھىيەتكە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ» دەيدۇ. «يەر مەركىزى نەزەرىيىسى» ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان، كالام ئىلاھىيىتى ئۇنى قوللاۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا: «ئەرەبلەرنىڭ يەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش

---

①ئىنسىكلوپېدىك پەيلاسوپ، «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئارستوتېلى» «ئىككىنچى ئۇستاز» ئۇ، تۈرك، پارس، ئەرەب، يونان تىللىرىنى بىلەتتى. شۇنىڭدەك نەھۋى (گىرامماتىكا)، ئىلمىي فاساھەت (ئېستېتىكا)، ھېساب (ئارىفمېتىكا)، مۇزىكا، ھەندىسە (گېئومېترىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، پەيلاسوپىيە، لوگىكا، تىبابەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئۇ، ئارستوتېلنىڭ «كاتېگورىيىسى»، «سوفىستىكا»، «ئىزاھاتنامە» «بىرىنچى ئانالىتىكا» «ئىككىنچى ئانالىتىكا»، «رىتورىكا»، «پوئېتىكا»، «مېتافىزىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە چوڭ - كىچىك ئىزاھاتلار يازغان. ئۇ يەنە پتولېمېينىڭ «ئالماگېستا» ئەۋكلىدنىڭ «گېئومېترىيە» پورقىرىنىڭ «ئىزاگوك» «ئالېكساندىر ئافرودىسكىنىڭ «روھ توغرىسىدا» دېگەن ئەسەرلىرىگە ئىزاھات يازغان. ئۇ، «ئېسال ئۆلۈم» «ئىسۇل ماسائىل»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى قاراشلار»، «جەمئۇل مەنتىقە»ر «مۇسىقۇل كەبىر» ناملىق چوڭ ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ، پەلسەپە تەبىئەت ئىلمى ئىجتىمائىي ئىدىيە، لوگىكا، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيىگە ئائىت 160 پارچىدىن ئوشۇق ئەسەر يازدى. ٤٥ يېشىدا ۋاپات بولدى.

②9 -، 10 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، سودا، قاتناش، كانچىلىق، يىپەكچىلىك، مىخمالچىلىق، زىبۇ - زىننەتچىلىك، گىلەمچىلىك، توقۇمىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، شەھەر قەلئە قۇرۇلۇشىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن تىبابەتچىلىك، رېتىملىق ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتى تاش ئويما، غارتام سىزمىلىرى، ئېغىز ئەدەبىياتى، تەرجىمەشۇناسلىق، پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە راۋاجلاندى. ئىلىم پەن ۋە پەلسەپىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىلىم - پەننىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىمۇ مەيدانغا كەلدى. 10 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسىكلوپېدىستلىرىدىن تەشكىل تاپقان «پاك قېرىنداشلار سادىق دوستلار ئىتتىپاقى» ئىران قولتۇقىدىكى جامىل شەھىرىدە مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ تەشكىلىي «مۇقەددەس بولۇش»

كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا»، «يەر ھەرىكەتلىنەمدۇ؟ ياكى ھەرىكەتلەنمەمدۇ؟ دېگەن ئەسەرلىرىدە داداللىق بىلەن «قۇياش مەركىزى تەلىماتى» غا ۋارىسلىق قىلغان، «خەرىتىلەر» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، دۇنيانىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 —؟)④ ئاسمان بوشلۇقى، يۇلتۇزلار، سەييارىلار، 12 بۇرج ۋە يۇلتۇزلارنىڭ يىل پەسىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئاسترونومىيىسى بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. ئۇ، زۇھەل (ساتۇرن) مۇشتەرى (يۇپىتېر)، مىرىخ (مارس)، چولپان (ۋېنېرا)، ئاتادوت (مېركۇرى)، قۇياش ۋە ئاينى 7 سەييارە دەپ ئاتىدى. ئۇ، يۇلتۇزلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلدى: «كۆكتىكى يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى بىزەك، بەزىسى يولباشچى، بەزىسى جىسەك، دېدى. مەخمۇت قەشقىرى⑤ (11 - ئەسىردە ياشىغان)، ئۇ يەر شارىنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى سىزغان. كورەئى ئەرز (يەر شارى) يۇمىلاق شەكىلدە كۆرسىتىلگەن. ئۇ يەنە: ئىنسانلار مەڭگۈ ياشىمايدۇ. گۆرگە كىرىپ يېنىپ چىقمايدۇ، دېگەن ئىدى.

دېمەك، 9-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە ئۆتكەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالىم، پەيلاسوپلار ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ماددىلىقى، ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «قۇياش مەركىزى» نۇقتىئىنەزىرىدىن يەر شارىنىڭ يۇمىلاقلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېتافىزىكىدىن

«پاك بولۇش» «سادىق بولۇش» تىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئاساسچىلىرى - بەستىمى، زەنجانى، ئەلنەھرى جۈرى، ئەۋپى ئىمىن ۋەرىفالاردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەستىمى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «مۇراجەتنامە» يۇنان، ھىندىستان، ئىران جۇڭگونىڭ ئىدىيىۋى بايلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، فارابى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان.

③مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، ئۇ، تۈرك، ھىندى، يۇنان، پارس تىللىرىنى بىلەتتى. ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان ئىدى، ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئارىلىغان، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، پىسخولوگىيە، تېبابەتچىلىك، تارىخ، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق، پەلسەپە ساھەلىرى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئۆز ھاياتىدا 154 پارچە ئەسەر يازغان، ئۇنىڭ ئىچىدە «ئۆتمۈش زامانلاردىن قالغان يادىكارلىقلار»، «ھىندىستان ھەققىدىكى ھەقىقەتلەر»، شۇنىڭدەك ئاسترونومىيە ھەققىدىكى 45 پارچىدىن ئارتاق ئەسەر ۋەرىسالە، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «ئەتتەفھىم» (خەرىتىلەر) دېگەن ئەسەر، «قىممەت باھا تاشلارنى بىلىش كىتابى: «سائادەت كەلتۈرگۈچى دورا كىتابى» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ بار. ئالىمنىڭ ھاياتى سەرگەردانلىقتا ئۆتتى.

④ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، بۈيۈك ئالىمى، مەشھۇر پەيلاسوپ ئاتاقلىق شائىرى. ئۇ، تۈرك، ئەرەب، پارس، سوغدا تىللىرىنى بىلەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىقتى.

⑤ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس، تارىخچى، جۇغراپىيەشۇناس، ھەربى ستراتېگ ئالىم، ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ 3 توملۇق ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ئەرەب تىلىدا يازغان. ئۇ، مەزكۇر ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن ماۋرائۇننەھرى، قەشقەر، ئىلى گەنسۇ دالىلىرىغىچىلىك ئەل ئارىلاپ ماتېرىيال توپلىغان ئىدى.

يوچۇق ئېچىپ، ئۆز قارىشىنى ماگېللاندىن تەخمىنەن 500 - 600 يىل ئىلگىرى، كوپېرنىكتىن 600 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىككىنچى، ماددا ۋە ماددىنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. فارابى «ئالەم بازىسى (توپا، سۇ، ئوت، ھاۋا)، ئۇنىڭ 4 ئاساسىي خۇسۇسىيىتى (قۇرغاقلىق، ھۆللۈك، ئىسسىقلىق ۋە سوغاقلىق) تىن تەشكىل تاپىدۇ» دەيدۇ. ئەبۇ رەيھان بىرۇنى «قىممەت باھا تاشلارنى بىلىش كىتابى» دا 50 تىن ئوشۇق مىنېراللار، رۇدىلار، ئەينەكلەر، ئىمالى ۋە فايانس قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىدۇ. ئىسىل تاشلار ۋە مىنېراللارنىڭ 18 خىلى توغرىسىدا تامامەن دېگۈدەك توغرا باھالاش ئېلىپ بارغان ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىققان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانىڭ ماددىلىقىنى بايان قىلىپ:

بۇ تۆت ئەش ماڭا تۆت تادۇ (زات) تەڭگىرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

دەيدۇ»

مەخمۇت قەشقەرى ئوخشىمىغان ماتېرىياللارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتۇشنى تەلەپ قىلىپ: ياغاچنى ئۇزۇن كەس، تۆمۈرنى قىسقا كەس» دەيدۇ.

دېمەك، ئۇلارنىڭ ماددا ۋە ماددىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا زور ئىلگىرىلەشلەر بولغان. شۇنىڭدەك ئۇلار مۇشۇ خىل قاراشلار ئارقىلىق تىئولوگىيىگە يۈرەكلىك قارشى تۇرغان.

ئۈچىنچى، تەدرىجى تەرەققىيات ۋە ئىنسانلار ھەققىدە قىممەتلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. فارابى: «مىنېراللارنىڭ يۇقىرىدىكى باسقۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇقىرىدىكى باسقۇچى ھايۋانلارنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ئادەم ھايۋانلارنىڭ يۇقىرىدىكى باسقۇچى بىلەن تونۇشۇپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ قارشى چارلىز داروىندىن تەخمىنەن 900 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ يەنە: ئادەملەرنى مىنېراللار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلاردىن كېيىنكى 4 - تەبىئەت - سىياسىي ھايۋان دەپ ئاتىغان. «مۇراجىئەتنامە»، دە: ئىنسانلار تەبىئەت تەرەققىياتىنىڭ تاجىسى، دېيىلگەن. فارابى تىل تەپەككۇرنىڭ ئاساسى، ئالدىنقى شەرتى، دېگەن ئىدى. ئەبۇ رەيھان بىرۇنى «سائادەت كەلتۈرگۈچى دورا كىتابى» دا ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تارقىلىش ئورنى، يېتىشتۈرۈلۈش، ئىشلىتىش توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. دورىگەرلىكتە قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلارنى تەرتىپكە سالغان. ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا① (980 - 1037)

① پەيلاسوپ، ھۆكىما، ئالىم، ئەدەبىياتشۇناس، ئۇ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدا 99 پارچە ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ ئىچىدىن تەبىئەت ۋە ئىلمىي نوجۇمغا ئائىت ئەسەرلەر 11 پارچە، تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلىرى 16 پارچە، شېئىرلىرى 4 توپلام.



Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەدىمكى يۇنان، ھىندىستان، جۇڭگو قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئەينى زاماندىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا يېزىلغان«قانۇن» دېگەن ئەسەردە 670 خىل دورا بايان قىلىنغان. ئۇ كېسەل كۆرۈشتە چوك - كىچىك تاھارەتنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇنىڭ تومۇر ئارقىلىق كېسەلنى پەرق ئېتىشى 48 خىل بولۇپ، ئۇنىڭ 35 خىلى شۇ چاغدىكى جۇڭگو «تومۇرنامە» سىگە ماس كېلىدۇ. مەزكۇر «قانۇن» ئىسپاتلار ئارقىلىق لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپاغا تارقىلىپ، ياۋروپا تىبابەتچىلىكى ۋە ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتۇشىدا قوللانمىغا ئايلانغان ئىدى.

### (2) يېقىنقى زامان پەن - تېخنىكىسى

(16-ئەسىردىن19 - ئەسىرگىچە) يېقىنقى زامان پەن-تېخنىكىسى، ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، ئەدەبىي گۈللىنىش فېئوداللىزمغا قارشى ئىدىيىۋى ئازادلىق ھەرىكىتى ئىدى. ياۋروپادا 1000 يىلدىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىزم جەمئىيىتىدە پەن، تىئىزمنىڭ دىدىكىگە ئايلانغان ئىدى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بورژۇئازىيە فېئوداللىزمغا، خۇراپاتلىققا قارشى تۇردى، سانائەت راۋاجلىنىشقا باشلىدى. كوپېرنىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى»، ئاۋسالۇس (بېلگىيىلىك، 1514 - 1564) نىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشى»، گالىلېينىڭ «جىسىم ھەرىكەت قانۇنىيىتى»، كېپلېر(1571 - 1630)نىڭ«پىلانېتلار ھەرىكىتىنىڭ 4 قانۇنىيىتى»، نيۇتون نىڭ «ماددا ھەرىكىتىنىڭ 3 ئاساسىي قانۇنىيىتى»، ۋە «تارتىش قانۇنىيىتى» كەشپ قىلىندى. مۇشۇ ئاساستا بىر قەدەر نەزەرىيە ئاساستا ئىگە فىزىكا مەيدانغا كەلدى. 17 - ئەسىردە ئىنتېگرال - دىففېرېنسىئال كەشپ قىلىندى. «قان ئايلىنىشى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى ۋە مىكروسكوپ كەشپ قىلىندى. ئېلېمېنتلار ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 18 - ئەسىردە گ. لىننېي (1707 - 1778) نىڭ «ئۆسۈملۈكلەرنى تۈرگە ئايرىش ئىلمى» ئوتتۇرىغا چىقتى. ئا. ل. لاۋئىسىر (فرانسىيىلىك، 1743 - 1794) «كۆيۈش تېلىماتى» نى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئەنگلىيىلىك ج. ۋاتت (1736 - 1819) كەشپ قىلغان پار ماشىنىسىنىڭ سانائەتتە قوللىنىلىشى سانائەت ئىنقىلابىغا سەۋەب بولدى. 1807 - يىلى پاراخوت، 1876 - يىلى، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل، 1814 - يىلى پويىز ئىجاد قىلىندى. دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» تۇغرىسىدىكى ئەسىرى ئارقىلىق تەدرىجى تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى ئېچىپ بېرىلدى. 1838 - 1839 - يىللىرى ھۈجەيرە تەلىماتى، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىيىتى كەشپ قىلىندى. ج. دالتون (ئەنگلىيىلىك، خىمىك، 1766 - 1844) ئاتوم نەزەرىيىسى، گ. لىئېلى (ئەنگلىيىلىك، گېئولوگ، 1795-1875)

«ئۆزگىرىش نەزەرىيىسى» نى، د. ئى. مىندىلىۋ (رۇسىيىلىك، خىمىك، 1834 - 1907) «خىمىيىۋى ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋرىلىك جەدۋىلى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. 1900 - يىلى باتارىيە كەشىپ قىلىندى. م. فارادى (ئەنگلىيىلىك، ئىشچى، 1791 - 1867) «ئېلېكتىر ماگنىتلىق ئىنفېكسىيىسى»نى، ج. ك. ماشۋېلل (ئەنگلىيىلىك، فىزىك، 1864-؟) «ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنىنىڭ نۇر سۈرئىتىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى» نى، ھ. ر. خېرتىز (ئەنگلىيىلىك، فىزىك، 1857 - 1894) تەجرىبە ئارقىلىق ماكسۋېلل نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلىدى. 1895 - يىلى رادىئوگرامما تېخنىكىسى، 1879 - يىلى ئېلېكتىر، 1837 - يىلى سىملىق رادىئوگرامما، 1876 - يىلى تېلېفون ئىجاد قىلىندى، ئەنگلىيىدە ئايلانما پېچتا پولات تاۋلاش، گېرمانىيىدە خىمىيىۋى سانائەت كەشىپ قىلىندى. ئېلېكتىر ماگنىت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى 2 - قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىغا تۈرتكە بولدى. ئېلېكتىر دەۋرى باشلاندى.

(3) ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى بىئولوگىيىدە «ئىنقىلاب» يۈز بېرىش تۈپەيلى تەبىئىي پەن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا - ھازىرقى زامان پېنىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئا. ئېينىشتېين (گېرمانىيىلىك، فىزىك، 1879 - 1955) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «تار مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» ۋە «كەڭ مەنىدىكى نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ماش پىلانك (گېرمانىيىلىك، فىزىك، 1853 - 1947): ئېنېرگىيە بىرلىكى ئەڭ كىچىك بىرلىكلەردىن تەركىب تاپقان دېگەن قاراشنى ئىزاھلاپ «كۋانت نەزەرىيىسى» نى ئىزاھلاپ بەردى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى بىر قاتار ئىختىرالار ۋۇجۇدقا كەلدى. ئا. خ. بېككۇئېرېل (فرانسىيىلىك، فىزىك، 1852 - 1908) ھادىسىنى، تىخومسون (ئەنگلىيىلىك، فىزىك، 1856 - 1940) ئېلېكترونىنى، پ. كيۇرىيى (فرانسىيىلىك، فىزىك، 1859 - 1906) ئۇنىڭ ئايالى مارىيە كيۇرىيى (پولشالىق، فىزىك، 1867 - 1934) رادىينى، ئې. رۇتخېرفورد (ئەنگلىيىلىك، فىزىك، 1871 - 1937) $a$ نۇرى ئۇچرايتتى، ن. بوخر (دانىيىلىك، فىزىك، 1885-1962) رادىئاتسىيە ئاتوم مودېلىنى، ل. ر. بروگلىيى (فرانسىيىلىك (1892-؟) ۋ. ك ھېيسېنبېرگ گېرمانىيىلىك (1901 - 1976) ئې. شرۇ دىڭگېر (ئاۋسترالىيىلىك، 1887 - 1961) قاتارلىق ئالىملار بىرلىشىپ: بارلىق زەررىچىلەرنىڭ دولقۇنلۇق ۋە زەررىلىكتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئې. رۇتخېرفورد (1919 -؟) تەجرىبە ئارقىلىق $\alpha$ زەررىنى ئازوتقا ئېتىش ئارقىلىق ئوكسىگېن ئاتومىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ۋ. بوتخېر (گېرمانىيىلىك، فىزىك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1891 - 1957) $X$ نۇرىنى، گامما نۇرىنى ۋە ئالفا نۇرىنى ئۇچراتتى. ج. جا. دۋىگ (ئەنگلىيەلىك، فىزىك، 1891 - 1974) نېيترونىنى، جولوكيۇري ئەر خوتۇن 1954 - يىلى سۈنئىي رادىئاتسىيەنى بايقىدى. ئې. فېرمي (ئىتالىيەلىك، فىزىك، 1901-1964) ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى 37 خىل ئېلېمېنتنىڭ رادىئاكتىپ ئېلېمېنت ئىكەنلىكىنى مۇقىملىدى. ئو فافن (گېرمانىيەلىك. فىزىك (1879 - 1968) ۋە ف. ستراسمان 1902- يىلى ئۇراننى توپقا تۇتۇش ئارقىلىق بارى ئېلېمېنتىنى ئۇچراتتى. 1942 - يىلى ئاتوم رېئاكسىيە توپى بەرپا قىلىندى. 1932 - يىلى ئايلانما تېزلەتكۈچ، 1934 - يىلى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ، 1936 - يىلى ئېلېكترونلۇق تېلېسكوپ ياسالدى. 1957 - يىلىدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز يوسۇندا سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئالەم كېمىسى قويۇپ بېرىلمەكتە، يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى كەشىپ قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن پۈتكۈل تەبىئىي پەن بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدىگە ئايلاندى. 20 - ئەسىردىن بېرى فىزىكا ۋە خىمىيىنىڭ تەرەققىياتى بىئولوگىيە پەننىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بىئو خىمىيە ۋە ئىرسىيەت ئىلمى 20 - ئەسىر بىئولوگىيىسى تەرەققىياتىدىكى ئەڭ جانلىق ئىككى تارماق. بىئوخىمىيە جانلىقلار تېنىدىكى ماددا ئالماشتۇرۇش يولىنىڭ ئوخشاشلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. گ. مېندېل (ئاۋستىرىيەلىك، 1822 - 1884) «ئىرسىيەت قانۇنىيىتى» ۋە «گېن» نى ئوتتۇرىغا قويدى. ت. خ. مورگان (ئامېرىكىلىق، 1866 - 1945): گېننىڭ ھۈجەيرە خروموسوماسىدا رەتلىك ھالدا تىزىلغان «ئاساسىي گېن» دىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، «ئاساسىي گېن» ئىرسىيەت خەۋەرىنىڭ ئۈستىگە ئالغۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە ھاياتلىقنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولغان ئىرسىيەتنىڭ سىرى ئېچىپ بېرىلدى.

20 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، يەنى 1908 - يىلى ماشىنا كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولدى. 1903 - يىلى ئايروپىلان ئىجاد قىلىندى. سىمسىز تېلېگراف جەھەتتە 3 قۇتۇپلۇق ئېلېكترونلۇق لامپۇچكا ياسالدى. 1942 - يىلى ئاتوم ئېنېرگىيە سانائىتى، 1946 - يىلى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، 1957 - يىلى ئالەم تېخنىكىسى مەيدانغا كېلىپ 3 - قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى قانات يېيىپ كەتتى. تىزگىنلەش، يىراقتىن سېزىش، لازېر نۇرى قاتارلىق تېخنىكىلار، بىرلەشمە ماتېرىيال سانائىتى ۋە يېڭى تىپتىكى بىرلەشمە خاراكتېرلىك ئاساسىي نەزەرىيىلەر — تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى ۋە سىستېما نەزەرىيىلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى. شۇنداق قىلىپ يېڭى تېخنىكا ساھەسى ۋە يېڭى سانائەت تارمىقى ۋۇجۇدقا كەلدى. 4 - قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتتى.

## 2 - پەن تەرەققىياتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

پەن تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) پەننىڭ قەدىمكى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ بىلىمى بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش ۋە بىۋاسىتە كۆزىتىش ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا توپلانغان ماتېرىياللار چەكلىك، بەكمۇ يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن پەن بۇ چاغلاردا پەقەت دۇنيانى ئومۇمىيلىق جەھەتتە تومتاقلا ئىزاھلاپ بېرىش بىلەن چەكلەنگەن، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئېنىق شەرھلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن پەن خادىملىرىنىڭ ئەمگىكى پەقەت ئايرىم ئالىملارنىڭ ئەمگىكىدىنلا ئىبارەت بولغان ئىدى.

(2) پەننىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئالاھىدىلىكى

ئەمەلىيەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ھېسسى ماتېرىياللار كۆپەيدى. پەنلەر پەلسەپىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ مۇستەقىل يوسۇندا تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى. ئىلمىي - تەجرىبىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن پەن تەرەققىياتىدا زور بۇرۇلۇشلار بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈرلىرى بويىچە كۆتىرىلىپ تەتقىق قىلىنغانلىقى، سىستېمىلىق كۆزىتىش بىلەن تەجرىبە ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن پەن راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا پەننىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ماتېرىيال توپلاش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي پەن يەنىلا تەجرىبە خاراكتېرىدىكى پەندىن ئىبارەت بولغان ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە تەبىئىي پەن توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ كۆپىيىشىگە، شۇنىڭدەك ھەر بىر ساھەگە ئائىت ماتېرىياللار ئۆزىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى بويىچە رەتلەنگەنلىكىگە ئەگىشىپ تەبىئىي پەن نەزەرىيە ساھەسىگە قەدەم قويدى.

(3) ھازىرقى زامان پەننىڭ ئالاھىدىلىكى

بىرىنچى، ھازىرقى زاماندا، پەن ئۆز ئارا باغلانغان بىر پۈتۈن سىستېمىدىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. ھازىرقى زامان تەبىئىي پەنى - ئاساسى پەن، تېخنىكا پەنى ۋە مەخسۇس تېخنىكا پەنلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئاساسى پەننىڭ ۋەزىپىسى — تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى، ماددىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە قاتارلىق پەنلەر ئاساسىي پەنگە كىرىدۇ. ئاساسىي پەننىڭ ئەمەلىيەتتە قول-

لىنىلىشى بىلەن تەدبىقلانما پەنلەر ۋۇجۇدقا كەلدى. تەدبىقلانما پەنلەر ئاساسي پەنلەرنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كونكرېت پەن ـ تېخنىكا مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ ئاساسى پەنلەر بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. تەدبىقلانما پەن: تېخنىكا پېنى ۋە مەخسۇس تېخنىكا پېنى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. تېخنىكا پېنى تەدبىقلانما ئاساسى پېنى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەر خىل مەخسۇس تېخنىكا تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك پېنى، مېتاللورگىيە پېنى، ماتېرىيال پېنى، قۇرۇلۇش ئىسسىقلىق فىزىكىسى، ئېلېكتر سانائەت پېنى، ھېسابلاش ماشىنىسى پېنى، ئاپتوماتلىشىش پېنى قاتارلىقلار ئەنە شۇ تېخنىكا پېنىگە كىرىدۇ. مەخسۇس تېخنىكا پېنى بولسا، نەزەرىيىۋى پەننىڭ يېتەكچىلىكىدە سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدىكى مەخسۇس خاراكتېرلىك تېخنىكا — يېرىم ئۆتكۈزگۈچ تېخنىكىسى، ئېلېكترون تېخنىكىسى، لازېر تېخنىكىسى، يىراقتىن سېزىش تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىكىدە سورتلارنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، ئىلمىي تەجرىبە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ھازىرقى زامان تېخنىكا پېنىنىڭ تۈرى كۆپەيمەكتە. ھەر خىل مەخسۇس تېخنىكىمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلانماقتا، تەدبىقلانما پەن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا چوڭ تېخنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە ئۆتكۈر تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە بارغانسېرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناماقتا.

ئاساسي پەن بىلەن تەدبىقلانما پەن ئوتتۇرىسىدا ھەم پەرق، ھەم باغلىنىش بار. تەدبىقلانما پەن ئومۇمي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى كونكرېت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. ئاساسي پەن تەدبىقلانما پەننىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ئاساسي پەن تەدبىقلانما پەن ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ. ئاساسي پەن بولمىسا، تەدبىقلانما پەن يۇقىرى كۆتۈرۈلەلمەيدۇ. تەدبىقلانما پەن بولمىسا، ئاساسي پەننىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى قىيىن. ئۇلار ئۆز ئارا باغلانغان بولۇپ، ئۆز ئارا بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئاساسي پەن، تېخنىكا پېنى ۋە مەخسۇس تېخنىكا پەنلىرىنىڭ ھەر قايسىسى نىسبىي مۇستەقىللىققا ئىگە. ھەم ئۆز ئارا باغلانغان. ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈشى ۋە ئۈزلۈكسىز ئومۇملىشىشى نەتىجىسىدە يېڭى پەنلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىرلىكىدىن بىر پۈتۈن ئىلىم - پەن سىستېمىسى شەكىللىنىدۇ. يېقىنقى بىر نەچ-

چە ئۇن يىللاردىن بۇيان ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئۆز ئارا كىرەلىشىپ كېتىشى ۋە ئۆز ئارا بىرلىشىشىدىن تۇرغۇزۇلغان ئارىلىق پەنلىرى ۋۇجۇدقا كەلمەكتە. مەسىلەن، فىزو خىمىيە، خىمىيە فىزىكىسى، بىئو مېخانىكىسى، بىئو خىمىيە، بىئو فىزىكا، گېئوخىمىيە، ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى، ئالەم بىئولوگىيىسى ۋاھاكازالار.

بۇنداق يۈزلىنىشتىن ئىجتىمائىي پەنمۇ خالىي ئەمەس. ئارىلىق پەنلىرى ھەر خىل ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۆز ئارا ئۆزگىرىشىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىرەر نەزەرىيە مەسىلىسى ياكى بىرەر ئەمەلىي مەسىلە بىرەر ساھە پېنىنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماستىن، بىر نەچچە ساھەگە مەنسۇپ پەنلەرنىڭ بىرلىكتە تەتقىق قىلىشى بىلەن ھەل قىلىنماقتا. مۇھىت ھەققىدىكى تەتقىقات — ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئالىمى، يەر شارى خىمىيىسىنى ئاساس قىلىپ، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، جۇغراپىيە، تىبابەتچىلىك، قۇرۇلۇش بىلىمى قاتارلىق بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، تەبىئىي پەن بىلەن ئىقتىسادىي پەن ھەمدە ئىجتىمائىي پەن ئۆز ئارا باغلىنىشلىقى ھازىرقى زامان پەن تەرەققىياتىدىكى يېڭى بىر يۈزلىنىش.

تېخنىكا ئىقتىسادىي پېنىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ: (1) دۆلەت تۈپرىقىنى؛ (2) نوپۇس ۋە ئادەم كۈچ بايلىقىنى، (3) ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماددىي ئاساسى، تېخنىكا سىياسىتى، تېخنىكا تەدبىرى قاتارلىق ھەر خىل ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى تەتقىق قىلىدۇ، ۋەتىنىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن فىزولوگىيە، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ماركسىزم - لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش جەھەتتە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.⑪ ئىگىلىك باشقۇرۇش پېنىنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ مەمۇرىي ئىدىيە، ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي يول بىلەن باشقۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان پەن - تەتقىقاتىدا تەتقىقات ئۇسۇلى ئورتاقلاشماقتا. پەن بارغانسېرى ماتېماتىكىلاشماقتا. ھازىرقى زامان پېنىدە كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش، ئىلمىي ئابىستىراكتسىيە لوگىكىلىق ھۆكۈم، تەجرىبە بىلەن ئىسپاتلاش قاتارلىق بىر قاتار ئۇسۇللار قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، ھەر قايسى پەنلەرنىڭ يەنە تۇرغۇزۇلغان ئۆزىگە خاس تەتقىقات ئۇسۇللىرى بولىدۇ. تەبىئىي جەريانلار ۋە ھادىسىلەر ئۆز ئارا باغلىنىشلىقى ئۈچۈن ھەر بىر پەندە قوللىنىلغان مەخسۇس تەت-

⑪ يوكواكيوەن: «پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىساد ۋەجەمئىيەتبىرلىكى ھەققىدە» نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

قىلىقات ۋە نەزەرىيە ئۇسۇلىنى باشقا پەنلەرگىمۇ قوللىنىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، مېخانىكا نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى فىزىكىنى تەتقىق قىلىشقا، فىزىكا ۋە خىمىيىنىڭ ئۇقۇم ۋە ئۇسۇللىرىنى بىئولوگىيىنى تەتقىق قىلىشتا، ماتېماتىكىنى بولسا، ھەر قايسى پەنلەرگە تەدبىق قىلىشقا بولىدۇ. شەيئىلەرنى تەتقىق قىلغاندا ئاۋۋال ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ۋە موختارىنى بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بارلىق پەنلەر ماتېماتىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھازىرقى زامان پېنىنىڭ پىشىپ - يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى ئۇنىڭ كەڭ كۆلەمدە ماتېماتىكىنى قوللانغانلىقىدا. پەنلەرنىڭ ماتېماتىكىلىشىشى ھازىرقى زامان پەن تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ھېسابلاش ماشىنىسى بۇ يۈزلىنىشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرمەكتە.

تۆتىنچى، پەن - تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ئىچ تەرەپ بىرلىشىپ بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندى. ھازىرقى زامان پېنىدىكى ئىلگىرىلەش كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە بولغان مۇناسىۋىتىدە سۈپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنىڭ كېلىپ چىققانلىقىدا ئەمەس، ئۇنىڭ تېزلىك بىلەن تېخنىكىغا ئايلىنىپ، بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كەڭ زېمىن ئېچىپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پەننى ئىختىرالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىش ۋاقتى بارغانسېرى قىسقارماقتا. توك بايقىلىپ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلغىچە 150 يىل، ئاپارات قائىدىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ياسالغىچە 112 يىل، ۋات كەشپ قىلغان پار ماشىنىسى ياسالغىچە 56 يىل، لامپۇچكا ئىختىرا قىلىنىپ ياسالغىچە 30 يىل، ئايروپىلان ئىختىرا قىلىنىپ ياسالغىچە 20 يىل كەتكەن ئىدى. ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىدىغانلىقى 1939 - يىلى بايقىلىپ 6 يىلدىن كېيىن بىرىنچى ئاتوم بومبىسى پارتلىدى. 15 يىلدىن كېيىن بىرىنچى ئاتوم ئېلېكتىر ئىستانسىسى ياسالدى. كىرىستال لامپۇچكىنىڭ ياسىلىپ چىقىشىغا 3 يىل كەتتى، لازىر نۇر تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنىپ بىر يىلدا ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى كۈندە پەننىڭ بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش دەۋرى زور دەرىجىدە قىسقىراپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە ئىلمىي تەجرىبىدە ئېرىشكەن ماتېرىياللار يەكۈنلىنىپ، نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ۋە ئىلمىي تەجرىبە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆزىتىلىدۇ، ئۇ يەنە تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ بولسا پەننىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش يولى. ئۆتكەن ئەسىردە ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق ئېلېكتىر ماگنىتلىق ئىنفىكت قاتارلىق ئېلېكتىر ماگنىت

قانۇنىيىتى كەشپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن گېنېراتور، دېۋىگاتېل ئىجاد قىلىنىپ، ئېلېكتر دۇنياغا كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قاتتىق جىسىم ئېنېرگىيە لىنتىسى قاتارلىق نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ھەر خىل تىپتىكى يېرىم ئۆتكۈز-گۈچلۈك قويۇلمىغۇچ، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ قويۇلمىغۇچ يېڭى سانائەتتى ۋۇجۇدقا كەلدى. راۋاجلاندى، يۇقىرى مالېكۇلالىق خىمىيە ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن خىمىيىۋى تالالار، پىرىكمە كاۋچۇك، سۈنئىي تالا ياسىلىپ پىرىكمە خىمىيە سانائىتى مەيدانغا كەلدى. سىمسىز تېلېگراف ئىلمى بولمىغان بولسا، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ فىزىكىسى بولمىغان بولسا، ئىلمىي تەجرىبىدە ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى ئۇچرىتىلمىغان بولسا، رادىئوگرامما، رادار، كىرىستال لامپۇشكا، تۈرپلاشقان ئېلېكتر يولى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ما-شىنىسى، ئۇچۇر ۋە ئېلېكترونلۇق سانائەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بەشىنچى. پەن تەتقىقاتى زور دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشماقتا. ئامېرىكىدا تۇنجى ئاتوم بومبىسىنى ياساشقا قاتناشقان پەن - تېخنىكا خادىملىرى 15000 دىن ئاشقان، ئايغا قويۇپ بېرىلگەن ئالەم كېمىسىنى ياساشقا 440 مىڭ كىشى قاتناش-قان، 30 مىليارتتىن ئوشۇق ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنغان.

### 3. پەن ئىنقىلابىي كۈچ

بارلىق پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى يا بالدۇر، يا كېيىن ئىشلەپچىقىرىشتا قوللى-نىلىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەر-تىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل مەنىۋى كۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە ئوخشىمىغان يول بىلەن جەمئىيەتكە تەسىر قىلىپ، جەمئى-يەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(1) پەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە كىرىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئۆز-گىرىش ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن باشلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى پەن - تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى نا-ھايىتى زور دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە، ئىشلەپچى-قىرىش تەجرىبىسى بىلەن ئەمگەك ماھارىتىنىڭ ئۆسۈشىگە باغلىق. پەن - تېخنىكا ئەمگەك قورالى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە ئەمگەك ماھارىتى جەھەتتە ناھا-يىتى زور رول ئوينايدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. يولداش دېڭشياۋپىڭ: «تارىختا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن پەن - تېخنىكا بىلەن باغلانغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك تارىختا ئەمگەك كۈچلىرىمۇ مۇئەييەن پەن - تېخنىكا بىلىمىنى

ئىگىلىگەن ئەمگەك كۈچلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ»⑫ دېگەن.

بىرىنچى، پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئەمگەك قورالىغا ئايلىنىدۇ. ماركس ئېيتقاندەك: «ئىلىم - پەن بىلىم ھالىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى.» تەبىئىي پەن ئالدى بىلەن تېخنىكا كەشپىياتلىرى ئارقىلىق ماددىلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئايلىنىپ، يېڭى ئەمگەك ئوبيېكتىنى ئېچىپ بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىدۇ. تارىختىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى مۇئەييەن پەن - تېخنىكا بىلەن باغلانغان. ئەمگەك قوراللىرى، تۈرلۈك ماشىنىلار تەبىئەت دۇنياسىدا زادىلا بولغان ئەمەس. كىشىلەر ئۇلارنى پەنگە ئاساسلىنىپ، تەبىئىي ماددىنى ئۆزگەرتىپ، ئىختىرا قىلىپ ئىجاد قىلغان. ئەمگەك قوراللىرى، ماشىنىلار ماددىلاشقان پەن، ماشىنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى بىلەن تەبىئىي كۈچ (شامال، سۇ، نۇر، ئېلېكتر) كەڭ كۆلەمدە بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قاتناشتۇرۇلدى. نەتىجىدە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېڭى پەن - تېخنىكا سانائەتتە قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 5% - 20% گىچە ئۆسكەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى پەن - تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن 80% - 60% گىچە ھەتتا 100% گىچە ئۆستى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى دۇنيادىكى ئەڭ زور پولات تاۋلاش پېچلىرىنىڭ كۈندىلىك مەھسۇلاتى 1000 توننا بولغان بولسا، 50 - يىللاردا 2000 توننا بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ قوللىنىلىشى ھەمدە پېچ قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى يېڭىلىقلار تۈپەيلىدىن كۈندىلىك مەھسۇلاتى 10.000 تونناغا يەتتى. بۇرۇن ئايروپىلان لايىھىسىنى ئىشلەش، لايىھىنى ئومۇميۈزلۈك چېرتيوژلاپ چىقىش ئۈچۈن زور مىقداردا ماددىي كۈچ ۋە مەنىۋى كۈچ سەرپ قىلىنىپ، ئاز بولغاندا 2 - 3 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىناتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن پەقەت 2 - 3 ئاي ئىچىدىلا لايىھىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى تۈگەتكىلى بولىدىغان بولدى. كۆپچىلىككە ئايان، يېزا ئىگىلىكى ئۆز بېشىدىن ئىپتىدائىي، ئەنئەنىۋى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان 3 تارىخىي دەۋرنى ئۆتكۈزمەكتە. ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى - ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە ئىلمىيلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى جەھەتتە ماشىنىلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىي جەھەتتە ئىجتىمائىيلىشىشتىن ئىبارەت. پەن - تېخنىكى-

⑫ دېڭ شياۋپىڭ: «مەملىكەت ئىلىم - پەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» 1978 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

نىڭ يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىلىشى ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرماقتا. گوللاندىيىدە بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 876 جىڭ، جەنۇبىي چاۋشەندە شالىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 904 جىڭ، ئامېرىكىدا قوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 950 جىڭ، ياپونىيىدە چارۋىنىڭ قوتاندىن چىقىشى 200% بولماقتا. 4 جىڭ يەم بىر جىڭ گۆشكە ئايلانماقتا. گوللاندىيە توخۇسى يىلىغا 260 دانە تۇخۇم بېرىدۇ، دانىسى 60 گىرامدىن ئوشۇق، 2.5 جىڭ، 2.8 جىڭ يەم بىر جىڭ تۇخۇمغا ئايلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. تەبىئىي پەن تېخنىكا ئىختىرالىرى ئارقىلىق ماددىلىشىپ ئەمگەك قورالىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭەيدى. شۇڭلاشقا ئەمگەك ئوبيېكتى يېڭى قىياپەت بىلەن ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا قاتناشماقتا. ئەمگەك ئوبيېكتى يەر، ئورمان، يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە سۇ كۈچى قاتارلىق تەبىئىي شەرت - شارائىتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمگەكنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتنىڭ ياخشى - يامانلىقى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىدۇ، چوڭقۇرلىشىدۇ. مەسىلەن، ئادەتتە ئۈنۈمسىز يەر دەپ پايدىلانمايدىغان يەرلەر ئۈنۈملۈك يەرلەرگە ئايلىنىشى، كېرەكسىز نەرسىلەر پايدىلىق نەرسىلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇرۇن ئەمگەك ئوبيېكتى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان ئازوت ۋەھاكازالاردىن بىرىكمە ئامىياك ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىگە كىردى.

ئۈچىنچى، پەن - تېخنىكىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەمگەك ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ جانلىق ئامىل بولغان ئادەم پەننىي بىلىمگە، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە ۋە ئەمگەك ماھارىتىگە ئىگە بولغان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئىشلىتىدىغان، ماددىي ۋاسىتىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئەمگەكچىلەر زۆرۈر بولغان پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ ۋە تەييارلاپ، يېڭى تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى قوللىنىپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىدۇ. تارىختىكى ئەمگەكچىلەر مۇئەييەن پەن - تېخنىكىنى ئىگىلىگەن ئەمگەكچىدىن ئىبارەت. باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى تاش قورال دەۋرى، قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ مىس قورال دەۋرى، فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ تۆمۈر قورال دەۋرى، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ پار ماشىنا دەۋرى ۋە ئېلېكترلىشىشى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرى،



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە ئەمگەك ماھارىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن باغلانغان. ئەمگەكچىلەرنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسى قانچە يۇقىرى، ئىشلەپ- چىقىرىش تەجرىبىسى قانچە مول، ئەمگەك ماھارىتى قانچە ئۇستىلىق بولسا، ئۇلار- نىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا جارىي قىلدۇرىدىغان رولىمۇ شۇنچە زور بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقاچقا ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يېڭىلىنىشى، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ تېز بولماقتا.

پەن - تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى نەزەرىيە مەسىلىسى، تېخنىكا مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش، ئەمگەك ئوبيېكتىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئەمگەك ماھارىتىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەر- يانىغا قاتنىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، بۇ ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز يوسۇندا يېڭى سەۋىيىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، تەبىئىي پەن بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىدۇ. ماركس، ئېنگېلس ئەشۇنداق بىر پاكىتنى نەزەردە تۇتۇپ، تەبىئىي پەن- نىڭ «ناھايىتى زور دەرىجىدە بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىدىغان»⑬ لىقىنى، نەزەردە تۇتۇپ پەن «ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى»⑭ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنىڭدەك ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، پەن تېخنىكىنىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىشى بىلەن ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ»⑮ دېگەن ئىدى. ئېنگېلس: «پەن پۈتمەس - تۈگىمەس ئىشلەپچىقىرىش ئىختىدارى...... ئادەم ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ئەمگەك ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئەڭ تۆۋەن چەككە ئازىيىدۇ»⑯ دېگەن ئىدى.

پەن بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى- نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭلاشقا ماركس: «پەن تارىختا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئىنقىلابىي كۈچ»⑰ دېگەن. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ قاتارلىق پرولېتارىيات داھىلىرى — پەننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدىكى تۈرتكىلىك رولىنى

---

⑬ ماركس» «سىياسىي ئىقتىساد پروگراممىسى» (فولىيازما) خەنزۇچە 3 - بۆلۈم 350 - بەت.
⑭ «ماركس» «ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 26 - توم، خەنزۇچە نەشرى 664 - بەت،
⑮ «ماركس» «ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 23 - توم، خەنزۇچە نەشرى 664 - بەت.
⑯ «ماركس» «ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 1 - توم. خەنزۇچە نەشرى 616 - بەت.
⑰ «ماركس» «ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 3 - توم، خەنزۇچە نەشرى 575 - بەت.

نەزەردە تۇتۇپ ئىلىم - پەنگە ئېتىبار بىلەن قارىغان، ئىلىم - پەن ئەھلىنى ھىمايىلىگەن ئىدى.

2) پەن - تېخنىكا ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى جەريانىنى بەلگىلىگۈچ رول ئوينايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى يا بالدۇر، يا كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، سىنىپىي جەمئىيەتتە سىنىپىي كۈرەش، سىياسىي كۈرەش ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. قەدىمكى زامان ئادەملىرى جىسىملارنى سۈركەشتىن ئوت ھاسىل قىلىپ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن ساپال قاچىلارنى ياسىيالايدىغان ھەمدە مېتاللارنى تاۋلىيالايدىغان بولدى. مىس قوراللارنى ئىشلىتىشتىن كېيىن ئوۋچىلىق مەھسۇلاتلىرى زور دەرىجىدە ئاشتى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈك، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كېلىپ چىقىپ، ئىنسانلار جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم سىنىپلارغا بۆلۈنۈپ تارىختا قۇللۇق جەمئىيەت كېلىپ چىقتى. تۆمۈرنىڭ تاۋلىنىشى ۋە تۆمۈر قوراللارنىڭ دېھقانچىلىقتا كەڭ قوللىنىلىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. قۇللۇق جەمئىيىتىدە يېڭى سىنىپلار كېلىپ چىقتى. قۇللارنىڭ كۆپ قېتىملىق قوزغىلاڭلىرى قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ ھۇلىنى تەۋرىتىپ قويدى، كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى پارچىلاندى، يېڭى تىپتىكى پومېشچىكلار سىنىپى يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ، پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ زوراۋانلىققا يۈزلەنگەن قۇلدارلار سىنىپىنى يېڭىپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنى بەرپا قىلدى. ياۋروپادا 17 - ۋە 18 - ئەسىرلەردە پار ماشىنىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ سانائەتتە قوللىنىلىشى «پۈتۈن دۇنيانىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئىنقىلابلاشتۇردى». فېئودال كىنەزلەرنىڭ يوقىلىشى ئۈچۈن ماتەم قوڭغۇرىقى بولدى، شۇنىڭ بىلەن سانائەت ئىنقىلابى دەۋرى يېتىپ كەلدى. سانائەت ئىنقىلابى ئەمگەك ۋاستىلىرىنى يېڭىلىدى. كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭغا ماس ھالدا يېڭى ئەمگەك تەشكىلى ۋە ئەمگەك شەكلى ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىجتىمائىيلاشتى، ئىش تەخسىماتى ئىنچىكىلەشتى. بۇنىڭغا ماس ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىمۇ ئۆزگىرىش كېلىپ چىقىپ يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى كېلىپ چىقتى. فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇنا-

www.uyghurkitap.com

سەۋەتىنىڭ ۋەكىلى بولغان پومېشچىكلار سىنىپى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېغىر يوسۇندا توسقۇنلۇق قىلدى. نەتىجىدە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئارقىلىق غەلىبە قىلغان، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاخىر فېئودالىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگىچە يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، ماشىنا ۋە ھۈنەر - سانائەتتە زور ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى كۈچەيدى. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدە يېڭى، قىسمەن خاراكتېرلىق ئۆزگىرىشلەر كېلىپ چىقتى. ئەركىن كاپىتالىزم مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆزگەردى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن ئىگىلىنىشنىڭ خۇسۇسىيلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. كاپىتالىزم زوراۋانلىققا يۈزلەندى، پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرى باشلاندى. پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئارقىلىق سوتسىيالىزم يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سۈپىتىدە دۇنياغا كەلدى ۋە راۋاجلانماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەننىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىلمىيلىشىشى ۋە ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭغا ماس ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇسلىشىش، ھەمكارلىق كۈچىيىش، ئەمگەك ۋاقتى قىسقىرىپ، ئەمگەك سىجىللىقى تۆۋەنلىشىش، جىسمانىي ئەمگەك ئازىيىپ، زېھنىي ئەمگەك كۆپىيىش قاتارلىق يېڭى ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. بۇ ئەھۋاللار جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىشكە تۈرتكە بولماقتا. بۇ ئەھۋال كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ توپ زىددىيىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈرمەكتە. بۇ زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى نەتىجىسىدە ئىنقىلابى يول بىلەن كاپىتالىزم يوقىلىپ سوتسىيالىزم چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

(3) پەن ئۇستقۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىر قىسمى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە كىرىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىر قىسمى ئىقتىسادىي بازىسقا كىرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ توغرا يۆنىلىشى ۋە ئەكسى يۆنىلىشى بويىچە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىپ، ماددىي كۈچ بولۇپ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئۆزگەرتىش يولى بىلەن پۈتكۈل ئۇستقۇرۇلمىغا تەسىر كۆرسەتكەندىن باشقا، بۇ خىل ئىدىيىۋى قورال سۈپىتىدە ئىجتىمائىي ئاڭغا تەسىر كۆرسىتىپ، پەلسەپە سەنئەت، قانۇن، دىن قاتارلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئىپتىدائىي دىنىي ئىدىيىلەر مەيدانغا كەلدى، تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ سىرلىقلاشتۇرۇلىشى ۋە ئادەملەشتۈرۈلىشى بىلەن ئەڭ دەسلەپكى خۇدالار پەيدا بولدى. ئۇ چاغدا كىشىلەر-نىڭ ئابستراكىت تەپەككۇر ئىقتىدارى تۆۋەن ئىدى. شۇڭلاشقا ھەر قايسى ئۇرۇق، قەبىلىلەر مەلۇم كونكرېت نەرسىلەرنى «خۇدا» قىلىۋالدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-نىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئورغۇنلىغان ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇ-لىشىدىن بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدىغان شامال خۇداسى، يامغۇر خۇداسى، ئاي خۇداسى، قۇياش خۇداسى، ئاياللار خۇداسى ئېتىقادى شەكىللەندى. قۇللۇق جەمئى-يەتتە كىشىلەر سىنىپلارغا بۆلۈنگەنلىكى، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەخسىماتى، ئابستراكىت تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ راۋاجلى-نىش تۈپەيلىدىن يالغۇزلا تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ساختا ئىنكاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭمۇ ساختا ئىنكاسى بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئارىسىدا تەبىقە مۇناسىۋىتى كېلىپ چىققاندا شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خۇدالارمۇ ئالىي خۇدا، تۆۋەن دەرىجىلىك خۇدا، ئاساسىي خۇدا ۋە ئادەتتىكى خۇدالارغا بۆلۈندى. پادىشاھ-لىق تۈزۈم كېلىپ چىققاندا، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىر خۇدالىق دىن كېلىپ چىقتى. بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنى ئەشۇنداق بىرخۇدالىق دىن.

قۇللار دىندىن پايدىلىنىپ، تەغدىرچىلىقنى تەرغىپ قىلدى. پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ بە-زى ۋەكىللىرى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزى تەڭرىدۇر، دېگەن قاراشنى تەرغىپ قىل-دى. پومېشچىكلار سىنىپى ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالغاندىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت ئۆ-تىشى بىلەن زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيەنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئۇلارمۇ دىندىن پايدىلىنىپ، بۇ ئالەمنىڭ «جەننىتى» نى ئۆزگە مەن-سۇپ قىلىپ، ئۇ دۇنيانىڭ «جەننىتىنى» نى ئاچ - يالىڭاچ خەلققە دەۋەت قىلىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى. ئوتتۇرا ئە-سىردە غەربىي ياۋروپادا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان خىرىستىيان دىنى، فېئودال دەرىجە تۈزۈمىگە مۇناسىپ ھالدا فېئودال دىنىي مەرتىۋە تۈزۈمىدىكى دىنىي تەشكىلات بولۇپ شەكىللەندى. رىم پاپاسى خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمران ئىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك راھىپلار چوڭ پومېشچىكلاردىن ئىدى. يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇرژۇئازىيە پەندىن پايدىلىنىپ فېئوداللىزمغا، خۇراپاتچىلىققا قارشى تۇردى. ئەمما ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن دىندىن پايدىلىنىپ پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىنى تېخىمۇ قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلدى. ئەمما دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار

يەنىلا مەۋجۇت. پارتىيىمىز دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، كوممۇنىزمدا دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇش سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، شۇنىڭدەك دىنىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىدۇ.

پەلسەپىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، پەن ساھەسىدىكى ھەرقېتىملىق دەۋر بۆلگۈچ كەشپىياتلار ماتېرىيالىزمنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە سەۋەب بولدى. كوفرىنىكىنىڭ «يەر مەركىزى» تەلىماتىغا قارىمۇ-قارشى ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «قۇياش مەركىزى تەلىماتى» قاتارلىق پەننىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى يېقىنقى زامان پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسىغا ئايلاندى. پەننىڭ ئۆزىدىكى تەرەققىياتىغا ئاساسەن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان «يۇلتۇز تۇمانى» توغرىسىدىكى قىياس مېتافىزىكىدىن يوچۇق ئاچتى. ھەر قايسى پەنلەرنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، بولۇپمۇ 3 چوڭ كەشپىيات ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئىلمىي ئاساسىغا ئايلاندى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرى، مۇشۇ نەتىجىلەرنىڭ تۈگۈنىدىن ئىبارەت بولغان تېزگىنلەش نەزەرىيىسى، ئۇچۇر نەزەرىيىسى ۋە سىستېما نەزەرىيىسى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىنى يېڭى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىمەكتە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولماقتا.

پەن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىن قارىغاندا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر ئىنقىلابىي كۈچ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭدەك جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كاپىتالىزمنىڭ فېئوداللىزمدىن ئۈستۈن بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى پەن بىلەن باغلانغان، كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر يوقىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەر يوسۇندا غەلىبە قىلىشى پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە كاپىتالىزمنىڭ ئۆزى ھەل قىلالمايدىغان زىددىيەتلىرىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى بىلەن باغلانغان. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن باغلانغان ھالدا كېلىپ چىققان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ كاپىتالىزمغا قارىغاندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلىشىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى يەنىلا تېخنىكا ۋە مائارىپ بىلەن باغلانغان. 4 ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن قوزغالغان ئاكتىپلىق پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى چوقۇم ئىلگىرى سۈرىدۇ، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىز تۇرۇۋاتقان سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇقەررەر يوسۇندا ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋاھاپ خېۋىر

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم

ئابلەت نۇردۇن

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى (ئەسلى زاتى) توغرىسىدىكى مۇھاكىمە — شىنجاڭ تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم، ئەھمىيەتلىك تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ بىرمۇنچە تارىخىي مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق تۈردە چېتىلىدۇ. تارىخشۇناسلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە خېلى ئۇزاقتىن بۇيان تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ خېلى نۇرغۇن كىتابلار نەشر قىلىنغان، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي يۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ئورتاق قاراش شەكىللەنگىنى يوق. 1980- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلارنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى تونۇشتۇرۇلغان «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1981 - يىل 30 ئىيۇلدىكى ماقالىسىغا ئاساسلانغاندا بۇ ھەقتىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى ئالتە خىلغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن. مەن ئەنە شۇ قاراشلاردىن، روشەن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىلنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1 - خىل قاراشتىكىلەر — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى مىلادى، 840 — يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 — 840) قىرغىزلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇرۇش، كېسەللىك ۋە ئاپەت سەۋەبىدىن غەربكە كۆچكەن، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر، شىنجاڭدىكى يەنى تارىم ئويمانلىقىدا 840 - يىلىدىن ئىلگىرى ياشايدىغان خەلقلەر تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشەتتى، گەرچە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى يەرلىك خەلقلەردىن ئاز بولسىمۇ، تىل، ئۆرپ — ئادەت ۋە پسىخولوگىيىسى ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئۇلار يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئاسانلا قوشۇلۇپ كەتكەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

2 - خىل قاراشتىكىلەر — ئۇيغۇرلار تىيانشاننىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

840 — يىلىدىن ئىلگىرى، ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرىلا بار بولغان شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى خەلق دەپ قارايدۇ. بۇخىل قاراشتىكىلەر ئالدىنقى ۋە كېيىنكى «خەننامە» نىڭ «غەربىي رايون تەزكىرىسى»دە تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ياقىلىرىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ سانىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرىدۇ. «تەزكىرە» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا يۇقىرىدا ئېيتىلغان جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ سانى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى مەلۇم. ھالبۇكى ئورخۇن ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى كۆپ بولغاندىمۇ 100 — 200 مىڭ ئۆپچۆرىسىدە بولغان. بۇلار سان جەھەتتە مۇتلەق ئاز چىلىقنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ سان جەھەتتىن كۆپ بولغان يەرلىك خەلقلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋالغان دەيدىغان كۆزقاراش پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇخىل كۆز قاراشتا «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ خەنزۇچە نەشرى 81 - يىل 1 - سانىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى يېڭى مۇھاكىمە» دېگەن ماقالىسىنى، ئۇيغۇرچە نەشرى 82 - يىل 2- سانىدىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر» دېگەن ماقالىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بۇ خىل قاراشلارغا باھا بېرىشتە، ھېسسىياتقا بېرىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكىمىز، تارىخىي پاكىتلار ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىشتا، ئالدى بىلەن، ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىر جۇڭگو ۋە چەتئەل ئالىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئەمما تۈركلەر بىلەن ھۇنلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەجدادى مەسىلىسىدە ئوخشاشمايدىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. بەزى ئالىملار (مەسىلەن: ماچاڭشۇ، سۈڭتىيەن شۇنەن قاتارلىقلار) تۈركلەرنى تىل (لى، دىڭلىڭ، تېيىلى) لاردىن كېلىپ چىققان دېسە، يەنە بەزىلەر، ھۇنلاردىن كېلىپ چىققان، دەپ قارايدۇ. ئازساندىكى تەتقىقاتچىلار بولسا، تۈركلەرنى ساكلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان تىگىراخا ئۇدا (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار) بىلەن تېيىلى (تۇرا) قەبىلىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قان ئارىلىشىشىدىن تەدرىجى شەكىللەنگەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

جۇڭگونىڭ تارىخنامىلىرىدا، ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ نامى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈك ئاھاڭ تەرجىمىسى بىلەن ئاتالغان، مەسىلەن: ئالدىنقى چىن دەۋرىدە دى (狄)، خەن دەۋرىدە دىڭلىڭ (丁零) (ئەينى چاغدا تىڭلىڭ دەپ

ئوقۇلغان)، سۇي، تاڭ دەۋرلىرىدە تېلې (铁勒، تۇرا)، ۋېيخې يېزەنخې (ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىشى ئالىپ بىلگە دەۋرىدە، يەنى مىلادى 789 — يىلى خۇيگۇ*غا ئۆزگەرتىلگەن)، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خۇيخې، خۇيگۇ دېگەن ناملار داۋاملىق قوللىنىلغاندىن باشقا، يەنە ۋۇگۇ، ۋېيۋۇئېر، ۋېگۇئېر، ۋېيۋۇ قاتارلىق ئون نەچچە خىل نام بىلەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان ناملاردىن سىرت، خۇيخۇي دېگەن نام بىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە چەنتۇخۇي، خۇيبۇ دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە، بۇلارنى بىر خىل نامنىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ھەرخىل تەلەپپۇز قىلىنىشى ياكى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئاساسەن قويۇلغان نام دەپ قاراشقا بولىدۇ. لېيۇ يىتاڭ يازغان «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»نىڭ 87 - بېتىدە قەدىمكى چاغدا، خەنزۇچە خەتلەرنىڭ تەلەپپۇزىدا كۆپ ھاللاردا «ڭ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغانلىقى، مەسىلەن ئەينى چاغدا «丁» (ting ئوقۇلۇشقا تېگىشلىك خەتنىڭ «تى» (ti) دەپ، «经» (king) خېتى «ki» دەپ، «龙» خېتى «Lu» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان، تىئوپلاست «تىل» دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركچىدىكى ئەتىل ياكى ئېتىل (دەريا) دېگەننىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولۇشى ئېھتىماللىقىغا ناھايىتى يېقىنلىقىنى ۋە «ت» بىلەن «دى»نىڭ ئارا نۆۋەتلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئۇنۋان نامى «شاد» ئوقۇلۇشتا «شات» دەپ، ئەرەپ تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن «قەد» سۆز «قەت» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، «دى»، «دىڭلىڭ» «تېلې» دېيىلگەن ناملارنىڭ «تىل» ياكى «دىل» دېگەن نامنىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

دىللار — جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىدە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى پادىشالىقلىرىغا دائىر مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. چۈنچيۇ دەۋرى مب 722 - مب 481دە يېزىلغان «زوجۇەن» تەزكىرىسىنىڭ جاۋگوڭنىڭ تۇنجى يىلى تەپسىرىسىدە: «جىن دۆلىتىنىڭ لەشكەر بېشى شۈنۋۇنىڭ قوشۇنى داچى دېگەن جايدا دى (دىلى) لارنى مەغلۇب قىلدى» دېيىلگەن. داچى — ھازىرقى تەييۈەن رايونى بولۇپ، يۇقىرىقى مەلۇماتتىن دىللارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرىپىدە ياشىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دوتسېنت سۇبىخەي يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىدا، بەش خۇ (غۇز) 16 دۆلەت دەۋرى (304 — 439) دىكى

*خۇيگۇ - شۇڭقاردەك چەبدەس، - باتۇر مەنىسىدە.

دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئارىسىدا «دى» (翟)*، شيەنيۇ (鲜于)، لو (洛)، چۇ (仇) دەپ ئاتالغان ئۇرۇقلارنىڭ بارلىقى، ئۇلار ئىچىدە ئەينى چاغدا «دى» (دىل) دەپ ئاتالغان ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ سانى ھەممىدىن كۆپلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەممە بۇنىڭغا ئاساسەن دىل (دىڭلىڭ) دېگەن نام، «دى» ئۇرۇقىنىڭ نامىنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەن خۇلاسە چىقىرىلغان.

شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەملىكەتلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، جۇڭگو، ئەرەبىستان، ئىران، ياۋروپا جۈملىدىن شىنجاڭدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ھەممىدىن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئارخېئولوگىيىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى تېپىلمىلار يازما تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ رېئاللىقىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى، ھالبۇكى، يېقىنقى زامان شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تېپىلغان بەزى يادىكارلىقلارنى چەتئەللىكلەر ئېچىپ كەتتى. دەرۋەقە، بىر مۇنچە چەتئەللىك ئالىملار شىنجاڭدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار ئۈستىدە نۇرغۇن پايدىلىق ئىلمىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ خېلى زور نەتىجە قازانغان بولسىمۇ، بىر قىسىم ماددىي ۋە يازما يادىكارلىقلار تېخىچە ئۆز ئىگىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدا بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلغانلىقى مەلۇملۇق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قولىيازما ھالىتىدە بولغاچقا، خېلى بىر قىسمى يوقىلىپ كەتتى، يەنە بىر قىسمى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا، «كىگىز كىتاب» قاتارىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ياكى يوقاپ كەتكەن. شۇڭا دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يازما تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يېزىلغان ئىشەنچلىك يازما يادىكارلىق ناھايىتى ئاز. يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قەدىمكى شەرق مەملىكەتلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا خەنسۇچە مەنبەلەر بولۇپمۇ دۇنياغا مەشھۇر «24 تارىخ» (بەزىدە «25 تارىخ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭغا ئائىت جايلاردىن پايدىلىنىش، ئۇلارنى تەھلىل قىلىش ۋە باشقا يېزىقتىكى ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى بولغان دىل (دىڭلىڭ، دى)لار ئېدىرلىق، دالىلاردا كۆپىنچە ھارۋىلاردا يول يۈرۈشنى ياقتۇرغاچقا ھەمدە «ھارۋىلىرىنىڭ چاقى ئېگىز، شادىلىرى كۆپ» بولغاچقا، ئېگىز قاڭقىللار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپمۇ ئاتالغان. بىز بۇ تارىخىي ماتېرىيالنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە ئېيتىلغان ئوغۇز خاقان جۇرجىت خاقانىنى مەغلۇپ قىلىپ نۇرغۇن غەنىيمەت ئال-

*鲜 خېتى - قەدىمكى چاغدا «دى» دەپ ئوقۇلغان، ھازىر «زې» دەپ ئوقۇلىدۇ - ت.

غانلىقى، ئۇلارنى تۇشۇشقا ئات، قېچىر، كالا ئازلىق قىلغاندا، ئوغۇز خان لەشكەرلىرىدىن بىر چەۋەر ياشانغان كىشى ئېگىز هارۋا ياساپ جانسىز غەنىمەتلەرنى قاچىلاپ، هارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىمەتلەرنى قوشۇپ توشىغانلىقى، ئوغۇز خاننىڭ نەۋكەرلىرى، ئەل جامائەتمۇ بۇنى كۆرۈپ هەيران بولغانلىقى ۋە ئۇلارمۇ هارۋا ياسىغانلىقى، ئېگىز هارۋا ماڭغاندا «قانغا» «قانغا» دېگەن ئاۋاز چىققاچقا، ئوغۇزخان هارۋا ياسىغانلارنى قانغۇلۇقلار (يەنى قاڭقىلار) دەپ نام بەرگەنلىكى («ئوغۇز نامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 55 - 56 - بەتلەر) هەققىدىكى بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئېگىز قاڭقىلار يەنى دىڭلىڭلارنىڭ ناهايىتى قەدىمىي خەلق ئىكەنلىكى، يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن خەنسۇچە مەلۇماتنىڭمۇ خېلى ئاساسىي بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى «ئوغۇزنامە»نىڭ ئىجاد قىلىنغان دەۋرى تېخى نامەلۇم بولسىمۇ، كۆپىنچە تارىخشۇناسلار ئوغۇزخاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنى هۇنلارنىڭ مەشهۇر تەڭرىقۇتى باتۇر (مودۇ ياكى مەتە) بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلىشىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئىلمىي پەرەز پۇت دەسسەپ تۇرىدىغان بولسا، ئېگىز قاڭقىلار باتۇر تەڭرىقۇت دەۋرىدىلا تارىخ سەهنىسىدە مەۋجۇت قەدىمىي خەلق ئىكەنلىكىدە شۈبهە قالمايدۇ. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پاندىرىخ قەلئەسىدىن قەدىمكى هارۋىنى تاپقانلىقى، 1983 — يىلى 11 — ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى ئالتاي ناهىيىسىدىكى ئوتتۇبۇلاق دادۇيىدىكى قىياتاش سۈرەتلىرى ئارىسىدىن بىركالا هارۋىسىنىڭ رەسىمى پايقالغانلىقى ۋە رەسىمنىڭ تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1500 — يىللارغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئايلىق ئىچكى ژۇرنال) خەنسۇچە، 1984 — يىل 5- سان، 15- 16- بەتلەرگە قاراڭ)، شۇنداقلا شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (تەخمىنەن مىلادى 25 - 220) دىن باشلاپ ياسالغان كۇسەن (كۇچا)دىكى بىزەكلىك غارلىرىدا هارۋىدا ئولتۇرغان قۇياش ئىلاهىنىڭ سىزىلىشى («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (پەسىللىك ژۇرنال) ئۇيغۇرچە 1987 — يىل 2 - سان 118 — بەتكە قاراڭ) بىزنىڭ يۇقىرىقى كۆزقاراشىمىزنى ئارخېئولوگىيە ۋە قىياتاش رەسىمى ۋە تام سىزمىچىلىق جەهەتتىن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىق پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتى.

«ۋېينامە، ئېگىز قاڭقىلار تەزكىرسى»دە، مىلادى 487 — يىلى، ئېگىز قاڭقىلارنىڭ بىكتۇلۇ قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئاۋۇزلو ۋە ئىنىسى چوڭچىلار جۇجان قاغانى تۇلۇننىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە نارازى بولۇپ ئىسيان كۆتەرگەنلىكى، ئۇلار ئالدىنقى قانقىلىنىڭ غەربىي شىمالىغا كۆچكەنلىكى، ئاۋۇزلو ئۆزىنى خان



AltunOq

دەپ، دۆلەتمەندىكلەر كۆرلۈق بەگ دەپ ئاتالغانلىقى، چۆكچى كۆلبەگ دەپ ئاتالغانلىقى، جۇجان خانى ئاۋۇزلونى قوغلاشقا قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، نەتىجىسى چىقمىغانلىقى، ئاۋۇزلو قوچۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، جۇجانلارنىڭ قولچومىقى قوچو خانى گەن شوگۇينى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇالىق جاڭ مىڭمىڭنى خان قىلغانلىقى، ئاۋۇزلو جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ كىنگىت (قاراشەھەر)، پىشامشان، ئۇدۇن (خوتەن) لارنى بويسۇندۇرۇپ ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

خەنسوچە تارىخنامىلاردا، ئۇيغۇرلار ئەۋلادى، ئەيدىغانلارمۇ خېلى كۆپ. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» 99 — جىلد «تۇرالار تەزكىرىسى»دە: «تۇرالارنىڭ ئەجدادى — ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرى ھەممىدىن كۆپ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە» 195 — جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىمۇ: «ئۇيغۇر (خۇيخې) لارنىڭ ئەجدادى — ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى، كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدە تۇرا قەبىلىلىرى دەپ ئاتالدى» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھۇنلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھۇنلار — جۇڭگونىڭ شىمالى ۋە مۇڭغۇل ئېگىزلىكىدە ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى. «كېيىنكى خەننامە» 89 — جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»نىڭ ئىزاھاتىدا: «باتۇر (مودۇ) تەڭرىقۇت تۈمەن تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلى، شىياخۇالارنىڭ• ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ ئەجدادى قىڭۋى (خىڭۋى)دىن تۈمەنگىچە مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن» دەپ قەيت قىلىنغان. ھۇنلار دەسلەپتە ئوردوس يايلىقى ۋە يىنشەن تېغىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. خەنسوچە تارىخنامىلاردا جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە گۇيفاڭ، خۇيىنى، شەنيۈن، شۈنيۈ، چۈنچيۇ دەۋرى (ئەمىنالىك دەۋرى)دە رۇڭ ياكى دى، ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرى ۋە چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە خۇ ياكى «لۇ» (虏) دەپ ئاتالغان. باتۇر دەۋرىدىن ئىلگىرى ھۇنلار شەرقىي غۇزلارغا يەنى توڭخۇس ۋە ياۋچىلارغا بوزەك بولۇپ، ئۇلارغا ئېسىل ئات ۋە ساھىبجامال قىزلارنى تارتۇقلاپ تۇرغان. تۈمەن تەڭرىقۇت دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ ھۇن قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەدرىجى قۇدرەت تاپقان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 209 — يىلى تۈمەننىڭ چوڭ ئوغلى باتۇر ئاتىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ھەربى كۈچ ئارقىلىق قۇدرەتلىك ھۇن ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. ھۇن ئىمپېرىيىسى، بويسۇندۇرۇلغان نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۇرۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان، ھۇن تىلىنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپلىقى ھەققىدە تىلشۇناسلار ۋە تارىخچىلار

•شىيا خۇلار - شىيا خانلىقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى) 21 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە) دەۋرىدە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ - ت.

ئارىسىدا تالاش — تارتىش يوق. لېكىن ئۇنىڭ قايسى تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېلىمۇ ئىختىلاپ بار. فرانسىيىلىك دىمۇسار، كىلاپروت قاتارلىقلار غەربكە كۆچكەن ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى ۋېنگىرلار (ھونگىرلار)دا ھازىرمۇ داستىخان، ئالما، تەڭنە، ئۇچاق قاتارلىق ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان، «كېيىنكى خەننامە» 89 — جىلد «جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» دە: «تەڭرىقۇتنىڭ ئەسلىي ئىسمى فەنتاي ئىدى، ئۇنىڭ ئېلىدىكىلەر ئۇنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتايتتى. ھۇنلار ئاسماننى تەڭرى، تەڭرىنىڭ ئوغلىنى قۇت دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىزدە ھازىرمۇ تەڭرى ۋە قۇتلۇق دېگەن سۆزلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۇنلار غەربكە كۆچكەندە، قېرى — چۆرى، پاشانغانلىرى بىللە ماڭالماي كۇسەن (كۇچار)نىڭ شىمالى، كىنگىت (قارا شەھەر) نىڭ غەربىدىكى بايىنبۇلاق يايلىقىدا قېلىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم كەڭلىكتىكى زېمىنغا، ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق ئاھالىگە ئىگە ياپبان دۆلىتىنى قۇرغان. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ — ئادىتى ئىگىز قاڭقىللارغا ئوخشاش بولغان. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ھۇنلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتلەردە بەلگىلىك دەرىجىدە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»تا، جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونىدىن تېپىلغان رەسىمدە بىر ھۇننىڭ بويى پاكار سىزىلغانلىقى، چىرايى مانجۇلارغا ئوخشايدىغانلىقى، ھۇن تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ بىر مۇنچىسى «تاي» بىلەن ئاياقلىشىدىغانلىقى، «تاي» سۆزى موڭغۇل تىلىدا ھازىرمۇ مەۋجۇتلىقى ۋە «لىق»، «لىك» دېگەن سۆز قوشۇمچىسى ئورنىدا قوللىنىلىدىغانلىقى، مەسىلەن: سۇ بۇتاي — ئەمەللىق، ئولاستاي (تېرەكلىك) دېگەندەك ئوخشاش سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە ھۇنلارنىڭ تۈپ ئالىي ئۇرۇقى ئىچىدىكى قويان ئۇرۇقىنىڭ نامى كېيىنكى چاغلاردا سىيانپىلار ئارىسىدا قايتا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ۋە تۈركلەر بىلەن سىيانپىلار بىر — بىرىگە ئوخشىمايدىغان خەلقلەر ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇڭلاشقا يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل ئەھۋالنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ياكى ئىنكار قىلىشقا ئالدىرىماسلىقىمىز لازىم.

«كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پايدا — مەنپەئەت ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ۋە بويسۇندۇرۇلغان خەلقلەرنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلىدىن شىمالىي ھۇنلار زەئىپلىشىپ ھا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىسىزلانغاچقا، جەنۇبتىكى قەبىلىلەر ھۇنلارغا ئالدى تەرەپتىن، دىڭلىڭلار ئارقا تەرەپتىن يوشۇرۇنچە ھۇجۇم قىلغان، سىيانپىلار سول تەرەپتىن، غەربىي رايونلۇقلار ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان. ھۇنلار ھەر تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالماي، غەربكە — يىراق تامانغا كۆچكەن.

ھۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلار ئىگىلىگەن بىپايان چارۋىچىلىق رايونلىرى سىيانپىلار، تۇرالار ۋە جۇجانلارنىڭ زېمىنلىرىغا ئايلانغان. سىيانپىلار شەرقىي غۇز (دۇڭخۇ) لارنىڭ بىر تارمىقى، شەرقىي غۇزلار باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تار — مار قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بىر تارماق شەرقىي غۇزلار چوڭ ھىنگان تېغى بويلىرىغا قېچىپ بارغان، كېيىن راۋلىي دەرياسى (سىرامولۇن دەرياسى) بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىيانپىلارنىڭ باشلىقى تەن شىكۈي سىيانپى قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆتكەن تېغى ئېتىكىدىكى چەنچيۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئوردىگاھ تىكىپ سىيانپى خانلىقىنى قۇرغان. ئۇشمالدا دىڭلىڭلارغا، غەربتە ئۇيسۇنلارغا زەربە بېرىپ زېمىننى شەرقتىن غەربكە مىڭ چاقىرىم كېڭەيتكەن. تەخمىنەن مىلادى 180-يىلى، تەن شىكۈي ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوغۇللىرى ۋە ئۇرۇغ — تۇغقانلىرى ئىچكى ئۇرۇش قىلىشىپ ئۆز ئالدىغا باشباشتاق بولۇۋالغاچقا سىيانپى خانلىقى تەدرىجىي زەئىپلەشكەن. تۇرالار مىلادى 2 — ئەسىردە سىيانپى خانلىقىغا، مىلادى 5 — ئەسىردە جۇجان خانلىقىغا بېقىنغان. مىلادى 509 — يىلى، جۇجانلارنىڭ خانى جۇپۇت ئېگىز قاڭقىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇرۇن جۇجان ھۆكۈمدارى ناگايغا بېقىندى بولۇپ كەلگەن قوچوخانى چۈيجا ئېگىز قاڭقىللارغا تەۋە بولغان. جۇجانلارنىڭ تەدرىجىي ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ ئېگىز قاڭقىللار تېخىمۇ قۇدرەت تاپقان.

ئەندى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى — تۇرالارنىڭ تارقالغان ماكانىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. تۇرا (تېلى) لار تەزكىرىسى»دە ناھايىتى مۇھىم بىر ئابزاس خاتىرە بار: «...تۇرالارنىڭ ئۇرۇق — قەبىلىلىرى ئەڭ كۆپ، ئۇلار غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىن تارتىپ، تاغ — جىلغىلارنى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان. تۇغلا دەرياسى (ئورخۇن دەرياسىنىڭ تارمىقى) نىڭ شىمالىدا بۆكە، توڭرا، ئۇيغۇر (ۋېيخې)، بايىرقۇ، بوركىلى، مىڭچىن، تۇرۇخ (توققۇز)، ئىزگىل، غۇن، قوغۇرسۇ قاتارلىق قەبىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى بار. ئېيۇرغولنىڭ غەربى، كىنگىت (قاراشەھەر) نىڭ شىمالىي ۋە ئاقتاغ (تەيانشان تېغى) ئەتراپلىرىدا چابىش (چۈيبە)، بورج، ئىكە (ئازلار)، سۇ بۇ (سىپتا)، ناخ (ناگە)، ئوغۇز، خېگو (كەنكىن)، ئېرتوش (يجان)، ئۈنتو قەبىلىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ 20 مىڭ ئەس-

كىرى بار. ...گەرچە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق — قەبىلىلىرى ئوخشىمىسىمۇ ھەممىسى تۇرا دەپ ئاتىلاتتى.» يۇقىرىقى بىر ئابزاس مۇھىم بايانىدا، تۇراقەبىلىلىرى ئارىسىدا ئوپۇغۇر، ئوغۇز دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ ئوغۇزلارنىڭ تىيانشان ئەتراپلىرىدا ماكانلاشقانلىقى ئېيتىلغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «يۈەنخې (ئۇيغۇر) لار دەسلەپتە ئوغۇز (ئوخۇ) دەپ ئاتىلاتتى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئوپۇغۇر (ۋېيخې) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» دەپ قەيت قىلىنغان. «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 60 —، 83 — بەتلىرىدە، ئوغۇز (ئوخۇ) ئوپۇغۇر (ۋېيخې) دېگەن ناملار، ئەمەلىيەتتە يۈەنخې (ئۇيغۇر) نىڭ خەنسۇچىدە باشقىچە تەلەپپۇز قىلىنىشى ئىكەنلىكى، تۇرالارنىڭ چابىش قەبىلىسىنىڭ قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان يۇلدۇزدەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقانلىقى ۋە يۈەنخې ياكى خۇيخې دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇراقەبىلىلىرى ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك قەبىلە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بىز يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئىككى ئابزاس تارىخىي بايانى «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» تىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يالغۇز مۇڭغۇلدالاسىنىڭ شىمالىدىلا ئەمەس، بەلكى ئېدىرغۇلنىڭ غەربىي، قاراشەھەرنىڭ غەربىي شىمالى ۋە تىيانشان بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشاپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر قانداشلىقى بىر — بىرىگە يېقىن ئۇرۇق — قەۋملەر بىر قەبىلە بولغان، تىلى، ئۆرپ — ئادىتى يېقىن بولغان ئۇرۇقلار بىر قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشقان، قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى قايسى بىر قەبىلە قورال كۈچى ياكى جەلپ قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرسە، شۇ قەبىلىنىڭ نامى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان. بۇرۇن دىڭلىڭ ياكى تۇرا دەپ ئاتالغان قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق نام بىلەن ئاتالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالار ئىچىدە سان جەھەتتە كۆپ سانلىقىنى ئىگىلىگەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىر قەدەر ئىلغار ئىكەنلىكى، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۇلارنىڭ باشقا قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى، تۇرالار تەزكىرىسى»دە: «تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار (تۈركلەر) شەرق ۋە غەربكە كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلاندى... ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى—

دىن پايدىلىنىپ مۇڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىدا دەۋران سۈردى» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن، مىلادىيە 6 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە مۇڭغۇل دالاسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە بولغان جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قۇرۇلغان چوڭ خاندانلىق — تۈرك خانلىقىنىڭ ئاساسىي ھەربىي كۈچى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ۋە تۈركلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا تايانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خەنزۇچە تارىخنامىلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى قىلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار مۇ قالدۇرۇلغان. مەسىلەن «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» ۋە «سۈينامە»لەرنىڭ «تۇرالار تەزكىرىسى»دە: «ئۇلارنىڭ غەرب تەرەپكە جايلاشقانلىرى كۆپىنچە باغۋەنچىلىك، ئېرىقچىلىك (دېھقانچىلىق) قىلاتتى، كالىسى كۆپ، يىلقىسى ئاز ئىدى» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان «غەرب تەرەپ» — مۇڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىدىكى ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى — ئۇلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840 — يىلىدىن ئىلگىرىلا شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن ئاساسلىق خەلق ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى تارىخىي مەلۇماتلارنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىقمۇ دەلىللەش مۇمكىن:

① مىلادى 2 - ئەسىردە ئۆتكەن يۇنان تارىخچىسى پىتولېمىي ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدىكى سېرىس دۆلىتى (يىپەك دۆلىتى) بابىدا، ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئاساسىي يەرلىك خەلقنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى، ئۇلار پىلە بېقىپ يىپەكتىن شايى — ئەتلەس توقۇيدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 - تومىدىكى «ئۆگە»، «ئۇيغۇر» سۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتا، تۈرك قوشۇنلىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي)نىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان ئالتۇنقان تېغىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن ئىكەنلىكى، «ئۇيغۇر» دېگەن نام «خۇدخۇر» ئاتالغۇسىنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىلا مەۋجۇتلۇقى، ئۇلار ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئاساسلىق خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. دەرۋەقە، مەخمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقىت - مىلادىدىن ئىلگىرىكى 329 — يىلىدىن ئالاھەزەل 1300 يىل كېيىن، يەنى 1072 — 1074 — يىللىرى ئىـ

راقتا يازغان ھەمدە «ئۇيغۇر» لارنىڭ «خۇزخورند»دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتنى مۇھەممەد جاقىر تۇنكەخاقاننىڭ ئوغلى ئىسىراپىل توغان تېگىندىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىق ئەسكەرتىدكەن. شۇڭا بۇ مەلۇماتنى باشقا تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە.

③«ئۈچ دۆلەت ھەققىدە تەپسىرات»تا، دىڭلىڭلار ھۇنلارنىڭ بولاڭ-تالاڭ قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، مىلادى I ئەسىردە ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ كەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

④ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. تۇرالار تەزكىرىسى»دە: «ئاقتاغ (تىيانشان) ئەتراپىدا ماكانلاشقان تۇرالارنىڭ 20 مىڭ ئەسكىرى...»، «ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) ئەتراپىدا ماكانلاشقان تۇرالارنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار» دېيىلگەن. ئەگەر قېرىلار، ئاياللارنىڭ ئەسكەر بولالمايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ ھەر تۆت كىشىدىن بىرسى ئەسكەر بولغان دەپ قىياس قىلساق، يۇقىرىقى ئىككى جايدىكى تۇرالارنىڭ سانىلا تەخمىنەن 120 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان تۇرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ۋاھالەنكى «سۇڭنامە»دە 840-يىلى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار 100مىڭ ئەتراپىدا بولغان.

⑤ «ۋېينامە. غەربىي رايونلار تەزكىرىسى»دە: «دىڭلىڭ دۆلىتى كاڭگىيە (سەمەرقەند)نىڭ شىمالىدا، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بار. خەلقى چارۋىچىلىق قىلىدۇ، ئۆيەردىن چىقىدىغان تىيىن، ئاق بولغۇن، سۆسەر تېرىلىرى داڭلىق، ئارال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىمۇ دىڭلىڭلارنىڭ بارلىقى ئېيتىق، ئەمما ئۇلار ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىدىكى دىڭلىڭلاردىن ئەمەس» دېيىلگەن. بۇ ماتېرىيال، مىلادى 4 - ئەسىردە ھازىرقى شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا سانى خېلى كۆپ دىڭلىڭلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

⑥ «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى. جۇجانلار تەزكىرىسى» دە: «يىجۇ ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى ليوجۇن ئۆزىنىڭ قۇدرەت — سالتەنىتىنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن دىڭلىڭلارغا جاڭ جىڭشۈەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەلچى پىشامشان (چاقىلىق)، ئودۇن (خوتەن)گە بارماقچى بولغان. ئەمما پىشامشاننى دىڭلىڭلار ئىشغال قىلىۋالغاچقا، خەلقى ئەتراپقا تارقىلىپ كەتكەن. ئودۇنلۇقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. دىڭلىڭلار ئۆزلىرىنى تەگرىقۇت (تەڭرىنىڭ ئوغۇللىرى) دەپ ئاتىغان. ئۇلار ئەلچى جاڭ جىڭشۈەننى قوبۇل قىلىپ قايتىپ كېتىشىنى تەۋسىيە قىلغان» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»دە: «چەرچەن دۆلىتى شىمالىي دىڭلىڭلارغا تەۋە» دېيىلگەن. بۇ تارىخىي بايانلار دىڭلىڭلارنىڭ 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىندا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

⑦ «سۇڭنامە. قوچۇ تەزكىرىسى»دە: «قوچۇ... تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەن يىللىرى (627 — 650)دا خۇجۇنجېي قوجۇنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، قوچو ياكى شىجۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(غەربىي ئوبلاست دەپ ئاتالدى. ئەنشى (ئۆكلۈك — سۆيگەن) توپىلىڭىدا قولدىن كېتىپ، كېيىن قوچۇ دۆلىتى يەنە ئەسلىگە كەلگەن. قوچۇ — ئېگىز جاي دېگەن مەنىدىكى سۆز، ئۇ يەردە ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، ئۇ يەردىكىلەر قوچۇ ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالغان» دېگەن. بىزگە مەلۇمكى، ئۆكلۈك — سۆيگەن توپىلىڭى مىلادى 753- يىلىدىن 763 — يىلىغىچە بولغان، مانا بۇ خاتىرە 840 — يىلىدىن تەخمىنەن 80 يىل بۇرۇنلا قوچۇدا ئۇيغۇرلار ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

⑧ «يۈەنخې يىللىرى (806—821) دىكى ۋىلايەت — ناھىيىلەرنىڭ تەپسىراتى»دا، پۈرى (ھازىرقى مورى چەتىي، باركۆلدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنىڭ دائىرىسىگە توغرا كېلىدۇ)نىڭ شەرقى شىمالىدىكى چەج (赤遮)، تۇز بۇلاق (盐泉镇) كەنتلىرى ۋە تەرۈب(堡罗特) قەلئەسى قاتارلىق جايلارنىڭ ئەينى چاغدىكى «ئۇيغۇرلار يېرىگە بارىدىغان» مۇھىم ئۆتكەل ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. «كونا تاڭنامە ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»دە: «قارلۇقلار غەلىبىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلاردىن قاغان ساي (佛图川) نى تارتىۋالدى» دېيىلگەن. بۇ ۋەقە تاڭ دېزۇڭنىڭ 6 - يىلى (790 — يىلى) يۈز بەرگەن. بۇ پاكىتلار يۇقىرىقى جايلاردا خېلى بۇرۇندىنلا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

⑨ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى»نىڭ 5 - بېتىدە، ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدىنىڭ: «تورالار بىلەن ئۇيغۇرلار بىر قەبىلە...... تاگاز گاز (بىرمۇنچە تارىخچىلار، مەسىلەن دېنائۇد قاتارلىقلار تاگازگازلارنى ئەمەلىيەتتە توققۇز ئوغۇز دېگەننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇيغۇرنى كۆرسىتىدۇ. دەپ ھېسابلايدۇ). لار تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ باتۇر، سانى ئەڭ كۆپ خەلقلەردىن بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ماھىر، ئۇلارنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقتە چىن (جۇڭگو) دىن غەربتە خوراسانغىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ پايتەختى گوشان (كوشان) بولۇپ، ئۇلاردا ئېلىكخان دېگەن نام قوللىنىلغان» دېگەن سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. بىرمۇنچە ئالىملار، مەسىلەن( دېمىنارد قاتارلىقلار گوشان شەھىرىنى قوچۇ دەپ ھېسابلىسا، يەنە بەزىلىرى، مەسىلەن، رېنائۇد قاتارلىقلار كۇچا شەھىرى دەپ قارايدۇ. خوراسان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايوننى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئەرەب تارىخچىلىرى خاتىرىلىگەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان دېگەن تارىخىي بايان بىلەن خەنسۇچە تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن ئەھۋاللارنىڭ بىر — بىرىگە ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ۋە توققۇز تۈرلۈك پاكىتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلار — دىل (دى، دىڭلىڭ) لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى، ئۇلار مىلادى 840 — يىلىدىن خېلى بۇرۇن ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرىلا شىنجاڭدا ياشىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

زور ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر

# يېقىنقى زاماندىكى شىنجاڭ «پادىشاھلىرى»

شېرىپ خۇشتار

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى توغرىسىدا سۆز بولغاندا، ياڭزېڭشىنىڭ، جىن شۇرېن، شېڭشىسەي ۋۇجىڭشىۇدىن ئىبارەت 4ئەۋلاد «شىنجاڭ پادىشاھلىرى» تىلغا ئېلىنماي قالمايدۇ. لېكىن بۇلار بىر بىرىدىن زالىم ۋە مۇستەبىت بولغان ئالاھىدە تۆت شەخسنىڭ قانداق ئادەم، قاچان شىنجاڭ زېمىنىغا كەلگەن، قانداق قىلىپ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ھەم شىنجاڭ خەلقىگە نېمىلەرنى قىلغان، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە ئېيتالمايدۇ.

زامانداشلارنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ بۇ ھەقتە ئېنىقراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرىمەن.

## ياڭزېڭشىڭ

ياڭ زېڭشىڭ (1863—1928) تەخەللۇسى— دىڭچىنىڭ ئەسلى يۇرتى جىياڭسۇ شاڭيۈەن (جىياڭنىڭ ناھىيىسى) مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يۈننەنگە كۆچۈپ بارغان.

ياڭزېڭشىڭ 1863—يىلى يۈننەننىڭ مىڭزى ناھىيە موبېيە كەنتىدە، پومېشچىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئاتا بوۋىلىرى يەرلىك ئەمەلدار ۋە چوڭ يەر ئىگىسى. ياڭ زېڭشىڭ كىچىكىدىن خېلى زېرەك، بىلىمگە قىزىققان بولۇپ، بالا ۋاقتىدىلا، «سىيشۇ»، «ۋۇجىڭ» لارنى ئوقۇغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈي دەۋرىدە، (1888—يىلى) ئىمتىھان بېرىپ بىلىملىك دەپ نام ئالغان. كېيىن ئۇ، ئوردا ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، فېئودال خانلارنى مەدھىيەلەيدىغان «باگو» ماقالىسىنى يېزىپ، (1889—يىلى) «جىنشى» دېگەن نامنى ئالغان ۋە ئوردا ئەمەلدارى (كىچىك ئەمەلدار) بولغان، دېمەك ياڭزېڭشىڭ شۇ زامانىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيسى.

كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇ، بۇيرۇق بىلەن گەنسۇغا ئەۋەتىلىپ، نىڭشىيا ناھىيە-

يېسىنىڭ ھاكىمى بولغان. ھەم خېجۇ (لىڭشيا) نىڭ ئەمەلدارى بولغان. ئۇ، خېجۇدا 7 يىل ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، گۇاڭشۈينىڭ ئاخىرقى يىللىرى گەنسۇدىكى مەكتەپلەرنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان، كېيىن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نازارەتچىلىكىگە ئۆسكەن.

1908-يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 34-يىلى) خان ئوردىسىغا، بېرىپ سىشەنتەيخۇ بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇ، خان ئالدىدا — چېگرا رايوننى قوغداشقا — قەسەم بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى مەنچىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن، ئۇ 1911-يىلى (چىڭ خاندانلىقى شۈەنتۇڭنىڭ 3-يىلى) سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كەلگەن. بۇ ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى بولۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى يۈەندىخۇا شىنخەي ئىنقىلابى ۋە شىنجاڭدىكى ئىنقىلابى كۈچلەرنىڭ بېسىمى ۋە سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىن ئۆتكەللەر تۈپەيلىدىن ئىنتايىن قىيىن ۋە خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى. يۈەندىخۇا قول چوماق قىلىش مەقسىتىدە ياڭ زېڭشىننى دىخۇا (ئۈرۈمچىگە) چاقىرىپ ئۆلكىلىك قانۇن باشقۇرۇش ئەمەلدارى ھەم بارىكول جىڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىقىغا ئۆستۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى يەنى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغۇسى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھوجۇمىغا تاقابىل تۇردى. شۇنىڭ بىلەن فېئودال خاندانلىق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، ئۆلكە باشلىقى يۈەندىخۇا، ياڭ زېڭشىنغا ئۆلكە مەركىزىدىن بەش باتالىيون خۇيزۇ ئەسكىرى ئېلىشنى تاپشۇردى. ياڭ زېڭشىنىڭ، دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، ما فۇشىڭ (ما تىتەي)، ما فۇمىڭ، ما جىڭخى، لى فۇشى، لى خۇشىڭ دىن ئىبارەت بەش كىشىنى باتالىيون كوماندىرى قىلىپ ئەسكەر ئالدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1911-يىلى 10-ئاينىڭ 27-كۈنى يۈەندىخۇنىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي بېسىقتۇرۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنى باستۇردى. 1912-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى ئىلىدا قوزغالغان شىنخەي ئىنقىلاۋى قوزغىلىڭى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى رەسمىي قۇرغان ئىدى.

ئۆلكە باشلىقى يۈەندىخۇا ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 1912-يىلى 6-ئاينىڭ 5-كۈنى خىزمىتىدىن ئىستېپا بەردى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىقتى. ھەم ئۇ تەختكە چىقىش بىلەن جايلارغا تېلېگرامما تارقىتىپ، «مىنگونىڭ ھەربىي باشلىقلىق» ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. دە— بىر تەرەپتىن ئۆزىنى قوغداش، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى كونترول قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. قارشى چىققانلارنى ھەر خىل ۋاستىلار ئارقىلىق تازىلىدى. مەسىلەن: غۇلجىدا قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەت

ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىدىن فېنىتەمىنىنى ئۆلتۈردى. جۇمھۇرىيەت قوزغىلىڭىغا قاتناشقان «جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى» نىڭ ئەزالىرىدىن 200 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا قومۇل دېھقانلىرىنىڭ ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرىشىنىڭ رەھبىرى تۆمۈر خەلپە ۋە تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ قوللىغۇچىسى ۋە تۇرپان ئاستانە خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشىنىڭ رەھبىرى مۆيىدىن ئاخۇنۇمنى 1913-يىلى 9-ئاينىڭ 6-كۈنى ئەسكەر باشلىقى مافۇشىڭ (ما تىتەي) ئارقىلىق ئۆلتۈردى.

1915-يىلى يۈەنشىكەي بېيجىڭدا پادىشاھلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرگەندە ياڭزېڭشىڭ ئۆزىنىڭ پادىشاھقا سادىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يۈەنشىكەيگە 15 بولاق ئالتۇن تەقدىم قىلدى. شۇنىڭ بەدىلىگە يۈەنشىكەيدىن «خۇڭشەن پادىشاھلىقى» نىڭ «بوجۆي» دېگەن ئەمەلىگە ئىگە بولدى.

سەي ئۇ، يۈننەندە يۈەنشىكەيگە قارشى قوزغىلاڭ قىلغاندا پۈتۈن مەملىكەت ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان ئىدى. ياڭزېڭشىڭ ئۆزىنى جىنايەتتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن، بىرىنىڭ ئورنىغا قوينى قۇربان قىلىشتەك زەھەرلىك ئۇسۇل قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ قوغداش ئەترەت باشلىقى شادىڭ، ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەش باتالىيون باشلىقى لى يەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ دەرھال 5 رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى ئاستى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ باشقىلارنى قارىلىدى.

ئۇنىڭ مۇستەقىل پادىشاھلىق قارا نىيىتى تېخىمۇ زورىيىپ 1919-يىلى 5-ئاينىڭ 14-كۈنى مەركىزى ھۆكۈمەتكە بىۋاستە قاراشلىق ئالتاي يەۋقۇلئاددە رايونىنىڭ ئەسكىرى كۈچى ئارقىلىق چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالدى.

فەنياۋنەنشىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا ئاۋازقوشۇپ، ياڭزېڭشىڭنى ئاغدۇرۇش غەرىزىدە بولغاندا- بۇنى سەزگەن ياڭ زېڭشىڭ 1928-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى بەش رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى دەرھال 3 رەڭلىك دۆلەت بايرىقىغا ئۆزگەرتتى. ھەم ئۆزىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قايىل بولغىنىنى بىلدۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتىنى قۇرۇشقا ھازىرلىق قىلدى، ھەمدە- شۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ سولچىلارنى باستۇردى.

ياڭزېڭشىڭ 1928-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۆلكىلىك رۇسچە قانۇن مەكتىپىنىڭ 1-قارار مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا فەنياۋنەن ئەۋەتكەن سولچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ياڭزېڭشىڭ شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ 65 يېشىدا بىر پاي ئوق بىلەن ئۆلدى. شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت، ھەر تەبىقە كىشىلىرى شىنجاڭدا ياڭجاڭجۈن دېگەن بىر كىشىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغان قىس—


AltunOq

www.uyghurkitap.com

قا تەرجىمە ئەھۋالىدىن شىنجاڭنىڭ ھەربىي- مەمۇرىي، مالىيە، قانۇن، ئەدلىيە ساھەسىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممە ھوقۇقنى ئىگىلەش بىلەن نېمىلەرنى قىلغانلىقى قىسقىچە مەلۇم بولغان.

ياڭزېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرىدە ئۈرۈمچىنىڭ ھەر قايسى كوچىلىرىدىكى پاتقاقتا تۆگە چۆكۈپ ئۆلەتتى. سېپىلىنىڭ 4 دەرۋازىسىنى ساقلايدىغان ئەسكەرلەر ئەپيۇن چېكىپ خۇمارىدىن چىقىپ ئاپتاپتا قاقلىنىپ بېقىپ ياتاتتى. قىمار، پاھىشىخانىدىكى ئەسكىلىكلەر ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى. سىياسىي جەھەتتە ئىستىبداتلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتە خىيانەت، پارىخورلۇق، مەدەنىيەت جەھەتتە قالاق—قاششاقلىق، خەلق ئۈستىدە ئالۋاڭ ياساق. زۇلۇم ئوقۇبەتچىداپ بولغۇسىز ئىدى.

خۇلاسە قىلغاندا، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ شىنجاڭ خەلقى نە بىرلىك، نە باراۋەرلىكتىن بەھرىمان بولغان ئەمەس.

## 2

## جىڭ شۇرېن

جىڭ شۇرېن (1879—1941) تەخەللۇسى —دى ئەن، يۇرتى گەنسۇ خېجو «نىڭشا» يۈنجىڭلىق ئۇ 1879—يىلى (مەنچىڭ خاندانلىقى گۇاڭشۈي نىڭ 4—يىلى) تۇغۇلغان.

جىڭ شۇرېن بىلەن ياڭزېڭشىنىڭ كونا تونۇش، ياڭزېڭشىنىڭ خېجۇدا ئەمەلدار بولۇپ مەكتەپ باشقۇرغان مەزگىلىدىن باشلاپ بۇلار ئوتتۇرىسىدا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋەتتە كەلدى— باردىلار بولغان، جۈملىدىن— ياڭزېڭشىنىڭ خىزمەت كۆرسىتىپ ئالىي مەكتەپنىڭ باش مۇپەتتىشلىكىگە ئۆسكەندە، جىڭ شۇرېننى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئۆستۈرگەن، جىڭ شۇرېن 1909—يىلى (مەنچىڭ خاندانلىقى شۈەنتۇڭ 1—يىلى) يەرلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئەلانەتىجىگە ئېرىشكەن، شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن (1913—يىلى) داۋخى ناھىيىسىدىكى ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر ۋە سىغەن مۇدىر بولغان. 1914—يىلى ياڭزېڭشىنىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ كاتىۋى ھەم 1—دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولۇپ ياڭزېڭشىنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ھەربىي ئاخبارات توپلىغۇچى بولغان. 1915—يىلى شىنجاڭدىكى ھاكىملار ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ياڭزېڭشىنىڭ ئېتىبار بېرىشى نەتىجىسىدە ئىمتىھاندىن 1—بولۇپ ئۆتۈپ ئاقسۇنىڭ ھاكىمى بولغان، 1921—يىلى ئۆلكە مەركىزى (دىخۋا) گە يۆتكىلىپ كېلىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1923—يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەت ئىشلار نازارىتى، خەلق ئىشلار نازارىتىگە ئۆزگەرتىلگەن، جىڭشۇرېن، ئۆزگەرتىلگەن خەلق ئىشلار نازارىتىگە نازىر بولغان.

1928ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 7ـ كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ ياڭزېڭشىنىڭ، فەنياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندە، جىڭ شۇرېن ئەسكىرى كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ فەنياۋنەننى ئۆلتۈرۈش بىلەن قارشى كۈچلەرنى بېسىقتۇردى. ئەتىسى (8ـ چېسلا) جىڭ شۇرېن ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرىنى چاقىرىپ تۆۋەندىكى ئىشلار توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بارغاندا، دىخۇا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جىڭ جىشەننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۆلكىنىڭ ھوقۇقدارى بولدى. جىڭ شۇرېن 7ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى ئۆلكىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلدى.

1928ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 16ـ كۈنى ئۆلكىدىكى ھەر قايسى ئەمەلدارلار ۋە يىخۇي باشلىقى روزى ھاجىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ پىكرىدىن ئۆتكۈزۈپ ھەر مىللەت، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ پىكرى قىلىپ، جىڭ شۇرېننى ئۆلكە رەئىسى قىلىپ تەستىقلاپ بېرىشى ئۈچۈن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تەلەپ قويدى. لېكىن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپنى جاۋابسىز قالدۇردى.

1930ـ يىلى يەنشىسەن فىڭ يۈيشاڭلار جاڭجېشىنى ئاغدۇرۇش ۋەقەسىنى قوزغىغاندا نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىڭ شۇرېننى 13ـ يۆلۈنۈش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى قىلىپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئۇ، ئەنگلىيىدىن 2000 دانە مىلتىق 4 مىليون تال ئوق (پۇلىنى 31ـ يىلىغىچە بولغان غەلبە-پاراقتىن بېرىشى شەرتى بىلەن) سېتىۋېلىپ ئۇنى ھىندىستاندىن قەشقەر ئارقىلىق ئېلىپ كەلدى.

1931ـ يىلى ئۆكتەبىردە شىنجاڭ ـ سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى. ھەم شۇ يىلى، ئۇچقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئاچتى. ۋە ئوغلى جىن زۇدۇڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى جىن زوجىڭ قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى گېرمانىيىگە ئوقۇشقا چىقاردى.

1932ـ يىلى كۈزدە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىڭشۇرېننى شىنجاڭ ئۆلكە رەئىسى ۋە قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى قىلىپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

1933ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ × ×ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 100 دانە ئاپتوماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن 1274 سەر 6 يېرىم مىسقال ئالتۇن تاپشۇردى. 1933ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى يۈز بەرگەن (12ـ ئاپرېل) سىياسىي ئۆزگىرىشتە جىڭ شۇرېن سىياسىي سەھنىدىن قوغلاندى.

1933ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى جىڭشۇرېن دىخۇادىن سانجى تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى بانكىلارنىڭ زاپاس ئالتۇنلىرىنى ئېلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ماشىنا سېتىۋېلىش ئۈچۈن تاپشۇرغان 1274 سەر 6 يېرىم مىسقال ئالتۇننى قايتۇرۇۋېلىپ سىبىرىيە ئارقىلىق تيەنجىنگە بېرىۋالدى. ۋە شۇ يىلى 10ـ ئايدا جاڭ جېشىنىڭ يېنىغا باردى.

ئۇ چاغدا ئۇزۇندىن بۇيان نەنجىڭدە تۇرۇۋاتقان ئەيسا ئالىپ تېكىن قاتارلىقلار جىڭ شۇرېننىڭ شىنجاڭدا قىلغان قانلىق قىرغىن بۇلاڭ تالاڭ ۋە باشقا جىنا—

يەتلىرى ئۈستىدىن ئەنجىن ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە 1933—يىلى 12—ئايدا شىڭشىسەيمۇ، جىڭ شۇرېننىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان ئېغىر زۇلمى ئۇنىڭ ياڭزېڭشىنگە ۋارىسلىق قىلىپ يۈرگۈزگەن مۇستەبىت سىياسىتى خىزمەت ئۇسۇللىرىدىن چىرىكلەر ئۈستىدە ماتېرىيال يازىدۇ. جۈملىدىن 1935—يىلى 5—ئايدا جىياڭگىنىڭ يەرلىك مەھكىمىسى جىڭ شۇرېننى سوتلاپ جىنايى قىلمىشى ئۈچۈن 3 يېرىم يىللىق قاماق جازاسى ۋە 5 يىللىق سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش چا—رىسىنى كۆرىدۇ. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي شىمالدىكى ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن بولۇپمۇ دىڭباۋشەن، لوداچاڭ، ماگوفاڭ، ماخۇيىڭ قاتارلىقلار ئارقا—ئارقىدىن تېلېگىرامما يوللاپ جىڭ شۇرېننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە 1935—يىلى 10—ئۆكتەبىر بايرىمىدا جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلدۇق دېگەن بىر نېمە بىلەن قويۇپ بېرىلىدۇ. ئاندىن جىڭشۇرېن لەنجۇغا قايتىپ كېلىپ 1941—يىلى 8—ئايدا كېسەل بىلەن 62 يېشىدا لەنجۇدا ئۆلدى.

جىڭ شۇرېن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 5 يىل ئىچىدە، ئۆزىگە قارشى بولغان كۈچلەرنى باستۇردى. خەلقنى قاباھەت زۇلۇم ئوقۇبەت، خۇراپاتلىق ئىچىدە قالدۇردى. دېمەك ئۇ، ياڭزېڭشىنىڭ قوللانغان نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇردى. قومۇل دېھقانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ ۋالىگوڭ، ۋە ئىستىبدات ئەمەلدارلار مەنپەئەتىگە يان باستى، جۈملىدىن قومۇل دېھقانلىرىنىڭ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا قايتا قوزغىلىشىغا شەرت ھازىرلىدى.

شۇڭا، ياڭزېڭشىنىڭ بىلەن جىڭشۇرېن دەۋرىدىن سۆز ئېچىلغاندا، بۇ دەۋرلەرنى زالىمدىن—زالىم ئالماشقان دەۋر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

## 3

## شىڭشىسەي

شىڭشىسەي (1896—1961) تەخەللۇسى جىڭ يۈەن. لياۋنىڭ ئۆلكە كەييۈەن ناھىيە، شىنجىيا كەنتىدە چوڭ يەر ئىگىسى شىڭ جىڭجىيا ئائىلىسىدە 1896—يىلى (مەنچىڭ خاندانلىقى گۇاڭشۈي 22-يىلى) 12-ئاينىڭ 6-كۈنى تۇغۇلغان. شىڭجىڭجىيانىڭ 7 بالىسى بولۇپ 5 ئوغۇل ئىككى قىز ئىدى. شىڭشىسەي ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى.

شىڭشىسەي مەكتەپ يېشى (7 ياشتىن) باشلاپ «سى شۇ» نى ئۆگەنگەن. 12 يېشىدا «شى سەن جىڭ» نى ئوقۇپ بولغان، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ ئۇرۇش ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشنى، سۇنزىنىڭ ئەسكەر ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى (كىتابىنى) ياخشى ئوقۇغان.

شىڭشىسەي شىفىڭ، شىڭياڭلاردا باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرىلارنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شاڭخەيگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان. 1915—يىلى ۋۇشىڭ، جۇڭگو سىياسىي ئىقتىساد پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن، يوەنشىكەي پادىشاھلىق تەختىگە چىقى—

قاندا يۈننەندىكى چىڭ ۋۇتاڭ، شاۋجۇدىكى شۆبە مەكتىپىگە بېرىپ 2-قارار پىيادە ئەسكەرلەر پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن دوڭبېي جياۋتاڭ قارمىقىدىكى تەلىم تەربىيە ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرلەر سىنىپى 1-قاراغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 8-ئارىلاش لۈيىنىڭ لۈيجاڭى گوسۇلىڭنىڭ قارمىقىدا جۈگۈي (مۇئاۋىن لەنجاڭ) بولغان كېيىن شەرقىي3ئۆلكىنىڭ «جەڭگۈي شياڭجاڭ جۈن» نىڭ قوغداش ئەترىتىنىڭ شاڭگۇي لەنجاڭى بولغان. كېيىن چىڭشياۋ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سەنمۇلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي «دوڭبېي يەرلىك ھۆكۈمىتى ياپونىيەنىڭ قورۇقلۇق ئارمىيە داشۆبىسىدىكى جۇڭگو ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىنىڭ 4-قاراردا داۋاملىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن.

1925-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى گوسۇلىڭ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن گوسۇلىڭ جاڭزۇلىننى يوقاتماق بولغاندا، گوسۇلىڭ شىڭشىسەينى ياپونىيەدىن قايتۇرۇپ كېلىپ جاڭزۇلىنغا قارشى ھەرىكەتكە قاتناشتۇرغان. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن شىڭشىسەي يەنە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياپونىيەگە بارغان، كېيىنكى ۋاقىتتا ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئوقۇش توختىتىلغاندا، شىڭشىسەي سۈنچۇەنفاڭ، فىڭيۈشاڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئاخىرى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەن.

شىڭشىسەينىڭ ياپونىيەدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ۋاقتى شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشىغا توغرا كېلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى گومىنداڭ ئىنقىلابىي ئارمىيە باش سىلىڭبۇسىدىن ئۇنى شاڭشىن مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىگەن، كېيىن باش سىلىڭبۇنىڭ مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ شاڭشياۋ بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىگە كۆتۈرۈلگەن، شىمالغا يۈرۈش ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شىڭشىسەي مەسلىھەتچىلەر بۆسىنىڭ 1-تىڭىنىڭ 3-بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. خىزمەت جەريانىدا باش مەسلىھەتچى جۇ پېيلى، ئۇنى شاۋجاڭلىققا ئۆستۈرۈشنى پىلانلىغان بولسىمۇ لېكىن شىڭشىسەينىڭ قارا نىيىتىنىڭ بارلىقى بىلىنىپ، ئۇ ئۆزى قوشۇلماي ئۆستۈرمەيدۇ. شىڭشىسەي بۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلاپ ھەربىي ئىلىكتىن ۋاز كېچىپ دېھقان بولۇش پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرىدۇ.

شىنجاڭدا جىن شۇرېننىڭ مۇستەبىت سىياسىتىگە قارشى قومۇل دېھقانلىرى قايتا قوزغالدى. جىن شۇرېن تەپرىقىگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماجۇڭيىڭ گەنسۇدىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىدۇ. جىن شۇرېن ئىلگىرى قالغان چېرىك ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش غەرىزىدە شىنجاڭنىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى ۋەكىلى لۇشياۋزۇغا بۇيرۇپ تالانتلىق ھەربىي خادىم تېپىپ بېرىشنى، ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئەسكەر تەربىيەلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لۇشياۋزۇ، پەنجاۋشەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن نەنجىڭدە ئىلتىپاتسىز يۈرگەن شىڭشىسەينى جىن شۇرېنگە تونۇشتۇرىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1929-يىلى 6-ئايدا شىڭشىسەي نەنجىڭدىن ئايرىلىپ 1930-يىلى 10-ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ-دە جىن شۇرېن ئۇنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە

www.uyghurkitap.com

هۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شاڭشاۋ مەسلىھەتچى مۇدىرلىقىغا بەلگىلەيدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شاۋجاڭ مەسلىھەتچىلىكىگە ئۆستۈرۈلىدۇ. جىڭ شۇرېن بىلەن قومۇل دېھقانلىرى ۋە ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ كەسكىنلىشىشى نەتىجىسىدە جىڭ شۇرېن 1933 — يىلى شىڭشىسەينى قومۇل قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە يۆتكەيدۇ. شىڭشىسەي ئىلىۋەدۇكدا بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ماجۇڭيىڭ قىسىمىدىن غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىڭشۇرېن شىڭشىسەينى «دوبەن مەھكىمىسىنىڭ جىڭجياڭ مەسلىھەتچىسى قوشۇمچە قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش باش قوماندانلىقىغا ئۆستۈردى. شۇنىڭ بىلەن شىڭشىسەي قومۇلدىن تۇرپانغا كەلگىچە كۆپلىگەن بىگۇناخەلق ۋە قوزغىلاڭچى قوشۇننى قىرىپ تاشلايدۇ.

1933 — يىلى «شياۋجاڭ سەنجى» دېگەن چىڭ جۇڭ، لى شاۋتيەن تياۋمىنۇلەر رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ 12 — ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشنى ئېلىپ بېرىپ جىڭشۇرېننى قوغلىۋېتىدۇ.

چىڭ جۇڭ، قىسىملىرى بىلەن ئۇلانبايدا تۇرغان شىڭشىسەيگە قوزغىلاڭغا قوشۇلۇش توغرىسىدا كىشى ئەۋەتىدۇ. شىڭشىسەي پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدۇ. بەلكى قىسىملىرىنى لىيۇداۋاندىن «يىپوچىڭگۇڭ» ئەتراپىغا يۆتكەپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىدۇ. ئۇ چاغدا جىڭشۇرېن —شەھەردىن قېچىپ چىقىپ، خۇگىسەندىكى يۆخۇاڭمياۋ بۇتخانىسىدا ئىدى. جىڭشۇرېن بىرقانچە رەت شىڭشىسەينىڭ قوزغىلاڭچىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇق قىلغان بولسىمۇ شىڭشىسەي ئىجرا قىلمايدۇ.

......سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئېچىلغان يىغىندا «شاۋجاڭ سەنجى» چېگرا قوغداش دوبەن مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇشقا تەكلىپ بېرىدۇ. ھەم مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇۋېنلوڭنى ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق رەئىسلىكىگە، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ لۈيجىدىكى چىڭيۈەنجىڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋەييۈەنجاڭلىقىغا كۆرسىتىدۇ.

شىڭشىسەي ھەربىي ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنىپ چىڭيۈەنجىڭنى ئىستېپا بېرىشكە زورلاپ، شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالىدۇ. قارشى كۈچلارنى بېسىقتۇرىدۇ.

شىڭشىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن 6 بۈيۈك سىياسەت يۈرگۈزۈپ بىر مەزگىل ماركسىزم دېگەن بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆز يولىنى تېپىپ كوممۇنىزمغا ئاسىيلىق قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەرمىللەت كوممۇنىزمچى ئىلغارلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. 100 مىڭدىن ئاشقان ھەر مىللەت خەلقىنى ياۋۇزلارچە ئۆلتۈردى.

1940-يىلى ئۆلكە رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىگەندىن باشلاپ، ھوقۇق ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى. 1942-يىلىدىن باشلاپ ئۇ، ئوچۇق ئاشكارە ھالدا گېزىت مەتبۇئاتلاردا كوممۇنىزمدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى جاكالىدى. ھەم گومىنداڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ مەركىزىي يېتىشتۈرۈش تۈۋەنىنىڭ شىنجاڭ شۆبە تۈۋەنى تۈۋەنجىسى، 8-ئۇرۇش مەيدانى (رايونىنىڭ) مۇئاۋىن سىلىڭى، مەركىزىي ھەربىي مەكتىپى 9-شۆبە مەكتەپىنىڭ مۇدىرلىقى، جۇڭگو، گومىنداڭ مەركىزىي تەپتىش ھەيئەتلىك ۋەزىپىسى، شىنجاڭ ھوبەن مەھكىمىسىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى، تېپەيۈەنلىك ۋەزىپىسى، شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش سىلىڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەيدۇ.

1944-يىلى كۈزدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەت دېھقان ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرلىقىغا بەلگىلەپ ئېلىپ كەتتى.

شىڭشىسەي كېتىش ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ قېنى بىلەن بويالغان ئىككى قولىدا، شىنجاڭدىن بۇلاپ تالىغان ئالتۇنلىرىنى 30 لىگەن ماشىنىغا قاچىلاپ ئېلىپ ماڭدى. «ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان نوتا دەرىخىنى كېسىپ قالاش بىلەن ئوتپەلەنىڭ كۆڭلى خوش بولغانىدەك، بىگۇناھ قان تۆكۈش بىلەن خۇنخورلارنىڭ كۆڭلى خوش بولاتتى، 100 مىڭلىغان بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىغا تويمىغان شىڭشىسەي كېتىش ئالدىدا ئۈرۈمچى 2-تۈرمىغا ئوت قويۇپ بارلىق مەھبۇسلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئارخىپنى ئىزسىز يوقۇتۇشقا ئۇرۇندى. لېكىن شۇ ئوتتا ئۆزىنىڭ كۆيىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن قورۇقىنى خادا قىلىدى.

1949-يىلى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى، تەيۋەن ھۆكۈمىتى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە شاڭجاڭ مەسلىھەتچى، مەمۇرى مەھكىمە لايىھەلەش كومىتېتىنىڭ (چوڭ قۇرۇقلۇققا ھوجۇم قىلىش تەشكىلاتى) ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

شىڭشىسەي 1961-يىلى 7-ئاينىڭ 13-كۈنى 75 يېشىدا مىڭىسىگە قان چۈشۈپ تەيبېيدا ئۆلدى.

قوشۇمچە:

شىڭشىسەي تەيۋەنگە قېچىپ بارغاندىن كېيىن ئىنقىلابقا قارشى نۇرغۇن گەپ سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلدى. ئۇ يەنە:

«قانداق قىلغاندا چوڭ قۇرۇقلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ»، «كوممۇنىزم بىلەن كاپىتالىزم دەۋرىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، خەلق ياشايدىغان ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى» «چارۋىچىلىق، چېگرىسىدىكى ئۇششاق چۈششەك ئىشلاردىن خاتىرە»، «شىنجاڭدىكى 10 يىلدىن ئەسلىمە» ھەم ئامېرىكىلىق خوت بىلەن بىرلىشىپ يازغان «شىنجاڭ» قاتارلىق كىتابلارنى نەشىر قىلدۇردى.

# ئوتتۇرا ئاسىيا① مەدەنىيىتى

هاجى نۇرهاجى

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە قەدىمدىن بېرى دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تۆھپە قوشقان، ئۇزۇن تارىختا ئىگە رايونلارنىڭ بىرى.

بۇ قەدىمىي زېمىندە ياشىغۇچى خەلقلەر ئەڭ قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ بۇ رايوندا ياشاپ كېلىش بىلەن، ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيا پەن - مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا پارلاق مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا راۋاجلانغان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمدىن بېرى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى زور ئىجتىمائىي ئىش تەخسىماتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بۇ رايوندا قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە شەھەر سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن ماددىي - مەنىۋى شارائىت يارىتىپ بەردى.

بۇنداق بولۇشىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى — ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولغاچقا، ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا 2000 نەچچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرنى مۇجەسسەملىگەن ۋە جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان ئاساسىي كۆۋرۈك بولۇپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دېمەك ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆۋرۈك

①ئوتتۇرا ئاسىيا - جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، تارىختا كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىلىپ كەلدى. كەڭ مەنىدە قوللىنىلىپ كېلىنىشى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلىرىنى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدە - پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىنى يەنى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان ۋە قازاغىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ماقالىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېگەن ئۇقۇمنى كەڭ مەنىدە قوللاندۇق.

قىلغان ئاساستا بىر - بىرىگە كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق باشقا رايونلارغا زور تەسىر كۆرسەتمىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا تارىخىدا مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى.

شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەت تارىخى ئۇزۇن، قويۇق بولۇشى بىلەن جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالى ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرە ۋە تەۋەسىدە بولۇپ كەلگەچكە جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەر بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىش مۇناسىۋىتىمۇ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مىلادىدىن ئاۋۋال 2 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن غەربىي ئاسىيانى، ياۋروپا بىلەن جەنۇبىي ئاسىيانى تۇتاشتۇرغان «يىپەك يولى» نىڭ مەركىزى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، تارىخىي ئەسىرلەردە «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تۆت كوچا ئاغزى [ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى، قەدىمكى گىرېك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى] دېگەندەك شەرق بىلەن غەرب مە- دەنىيىتى بىر - بىرىگە ئۆتۈش جەريانى بولۇپ مەدەنىيەت ئۆز ئارا سىڭىشكەن. قەدىمكى قارۇشتى، رونىك — تۈرك، ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى، سانسكرىت، مانى، توخرى، ئەرەب، تۇبۇت، موڭغۇل، مانجۇ يېزىقلىرى بۇ رايوندا قوللىنىلغان: شۇنداقلا ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى، [يەنى ئالتاي تىللىرى، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى، خەنزۇ - تىبەت تىللار سىستېمىسى] نىڭ گىرەلىشىپ ياشىغان زېمىنى دەل مۇشۇ. «تۆت كوچا ئاغزى» دا ئۇچراشقانلىقتىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسا- نىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان. ئېيتايلۇق جۇڭگونىڭ تاۋار - دۇردۇن، پار - پۇر قاچا - قۇچىلىرى، چاي قاتارلىق قىممەتلىك سانائەت تاۋارلىرى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مۇشۇ شىنجاڭنىڭ يەرلىك سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا رايونلارغا تارقىلىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن سانائەت بۇيۇملىرى ئوخشاشلا جۇڭگو ئىقتىسادىغا ۋە مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، بۇددا دىنى، ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئوخشاش دىنلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك دىن بىلەن بىللە دىن پەلسەپىسى، مۇزىكا، سەنئەت، ھەيكەلتاراشلىق، مىمارچىلىق سەنئىتى ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىقلىرى كىرىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغۇچى بىر مۇنچە قەبىلە — قەدىمكى زامان مىللەتلەر ئولتۇ- راقلاشقان بۇ زېمىندە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەر ۋە سودا ئىگىلىكى نىسبەتەن بۇرۇن راۋاجلانغانلىقتىن سودا ئىشلىرىنىڭ ماھىرلىرى بولۇپ كۆپ خىل قەدىمكى تىللارنى پىششىق بىلىدىغان، ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بول- غاچقا ئۇلار تۈرلۈك دىن ۋە سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان سەنئەت

بۇيۇملىرىنى قەدىمكى كىلاسسىك ئەسەردە بىباھا گۆھەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن ۋە نۇرغۇن دىنىي — پەلسەپە قەدىمى ئەسەرلەرنى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشى بىلەن يەرلىك مىللەتلەردىن ئالىم — ئەدىپلەر پەيلاسوپلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، ئاسترونومچىلار، تىببىي شۇناسلار، ھەربىي شۇناس ۋە سەنئەتكار قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن.

مىلادى 8 - ئەسىرلەردە ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى ئىستىلاھ قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئەرەب تىلى يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇن دۇنياۋى ئالىملار مەيدانغا كەلدى.

ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 9 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋردە جاھان مەدەنىيىتىدە ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئالەمشۇمول ئالىملارنىڭ تولىسى دېگۈدەك ئەرەب يېزىقىدا ئۆچمەس ئەسەر يازغانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئالىملار ئىدى.

سامانىلار خانلىقى [874 — 999] دەۋرلىرىدە جەمئىيەت بىر قەدەر تىنچ بولغاچقا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ئالىملارمۇ مەدەنىيەت تەرەققىي تاپقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تېز گۈللەندى. ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى كۆپ جەھەتلەردە ياۋروپادىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى تارىخنىڭ شاھىدى قىلىپ بىر نەچچە مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ. مەسىلەن، مەشھۇر ماتېماتىك ئەبۇجاپپار، مۇھەممەت ئىبنى مۇسا ئەلخارازىمى ئۇلۇق ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم ئەخمەت ئەل پەرغانى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق ئورۇن ئىگىلىگەن، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئاساسچىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ئارستوتىلى ھەم مۇزىكاشۇناس ئەبۇناسىر فارابى [870 - 950]، شۇ زاماننىڭ ئەڭ ئاتاقلىق تىببىي ئالىمى ئەبۇئەلى ئىبنىسىنا [980 - 1037] ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ ئىنسىكلوپېدىك ئالىم مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت ئەبۇرەيھان بىرونى [973-1048] تارىخشۇناس ئەبۇناسىر ئاررات مۇھەممەت خارازىمى ئەل فارابى ئەركىندى ئەلدازى ئەل مۇئارى، پەيلاسوپ تىببىي ئالىم مۇھەممەت، ئاتاقلىق تارىخشۇناس گەردىزىنىڭ 1050-يىلى يازغان «زەينۇلئاخبار» (گۈزەل خەۋەرلەر ئەسىرى) بەيھەقى (966 - 1077) يازغان 30 توملۇق ئەسەر، مەجدىدىن (ۋاپاتى 1068 - يىلى) نىڭ «تارىخى مۈلكى تۈركىستان» (تۈركىستان تارىخى) نىزامىلمۈلۈكنىڭ «سىياسەتنامە» (دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا) قاتارلىق كۆپلىگەن مەشھۇر نادىر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

قاراخانىلار خانلىقى 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋرى سۈرگەن مەزگىلدە يەتتە سۇ ۋە تارىم ۋادىسىدىكى رايون ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا زور گۈللىنىش ھەۋرى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن يېزا ئىگىلىك ۋە قول سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى نەتىجىسىدە ئولتۇراقلىشىش،

شەھەرلىرىنىڭ ئومۇمىيلىشىشى بىلەن قەشقەر، بارچۇق [مارالۋېشى] بالاساغۇن ئوترار (فاراپ)، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرلەر ئىقتىسادى سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى. مۇكەممەل شىپاخانىلار تۈرلۈك پەنلەر ئوقۇلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىميۇرتلىرى چوڭ كۆلەملىك مەدرىسىلەر قۇرۇلدى. [ئابدۇكېرىم] ئارسلان بوغرا قاراخان دەۋرىدە قەشقەردە «ساچىيە»① مەدرىسى بولغان. «ساچىيە» (ساچ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سىپچىش، يېيىش ئىلىم - پەننى كېڭەيتىش دېگەن مەنىدە) ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى، ھەمدە ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئوچىقى ئىدى. بولۇپمۇ «ساچىيە» دە مەھ-مۇدىيە» مەدرىسىلەردە ئىسلام پەلسەپىسى، تارىخ-ئەدەبىيات ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا رۇسۇماتچىلىق [ئۆرۆش ئىلمى] قاتارلىق تەبىئىي - ئىجتىمائىي پەنلەردىن دەرس بېرىلەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت - بۇخارا قاتارلىق مەركىزىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن ئورغۇنلىغان مەدرىسىلەر، كۇتۇپخانىلار، جامە، كارۋان سارايلىرى ھەشە-مەتلىك بىنا قۇرۇلغان ئىدى.

قاراخانىلار دەۋرىدىكى يەن - مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە كۆپلىگەن بىلىمگە ئىگە بولغان ئەۋلىيالار، ئەدىپ - شائىرلار، تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناس-لار يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، ئوتاچى (تېۋىپ) ھەربى ئىستراتېگ ئالىملار، قانۇنشۇناسلار مەيدانغا كەلگەن.

11 -ئەسىردە ياشىغان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ۋە ئاساس-چىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇق مۇتەپەككۇر تىلشۇناس مەخمۇت قەشقەرى، ئۇنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرى، ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئابدۇجاپپار قاتارلىق ئالىملار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ تىپىك ۋە-كىللىرىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى [1069 - 1070] مەخمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتولھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق داستانى يۈسۈپ سەك-كاكىنىڭ «مۇتاھىل ئىلىم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرى، ئابدۇجاپپار ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرى [ۋاپاتى 1098 - يىلى] نىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى ۋە مۇجەئوششۇاخ» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى) ناملىق قىممەتلىك نا-دىر ئەسەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ گۈل تاجىلىرىدۇر:

بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسەر-لەر ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئۇستۇنلىكى، بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولىقى، ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر.

چوڭ لۇغاتشۇناس چامال قارشى (ئەسلى ئىسمى ئوبۇل پەزلى ئىبنى مۇھەممەت) ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق بولۇپ ئۆزى ئالمالىقتا [ئىلىدە] تۇغۇلغان.

---

①«سوراھ» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى جامال قارشى ئۆز كىتابىدا جەۋھەرى (مىلادىنىڭ 1002 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «سەھاھ» ناملىق 4 - توملۇق كىتابىنى قەشقەردىكى «ساچىيە» كۇتۇپخانىسىدىن ئالغانلىقىنى قەيت قىلغان.



AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

ئۇيۇلارغان ھىجرىيە 681 - يىلى [مىلادىيە 1282 - يىلى] قەشقەردە قاراخانىلار دەۋرىدە قۇرۇلغان «ساچىيە» مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان جەۋھەرى (ئەل جەۋھەرى-تولۇق ئىسمى - ئەبۇنەسىر ئىسمائىل ئىبنى جارال فارابى) نىڭ «ئەسساھتىللۇغەت» ناملىق 4 جىلدلىق كىتابىنى «سوراھ» (ھەقىقىي - تولۇق، مەنىسىدە) نامىدا ئۆز-گەرتىپ ئەرەبچىدىن فارسچىغا تەرجىمە قىلىپ 14- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبچە ئىلاۋە بىلەن «مولھەقاتوس سوراخ» دېگەن مەشھۇر لۇغەتنى يېزىشى مەشھۇر ئىمادۇددىن قەشقەرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى قانۇن» (قانۇنلار شەرھى) ناملىق ئەسەرنىڭ يېزىلىشى، مۇھەممەت ئىبنى ئەلكاتىپ سەمەرقەندىنىڭ «تاۋغاچ قىلىچخان يەنى مەسئۇد ئىبنى ئەلى (ۋاپاتى 1095-يىلى) غا بېغىشلانغان» «ئەغراز ئۇسسىياسىتى ئىلمى سىياسى» ناملىق ئەسىرى مەجدىددىن مۇھەممەت ئىبنى ئەدنانىنىڭ قاراخانىلار ئەۋلادى تاۋغاچ ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا بېغىشلانغان «تۈركىستان تارىخى» بىلەن «چىن تارىخى» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى، ئەبۇل فەيزى مۇھەممەت ئىبنى ھۈسەيىن بەرھەقى (996 — 1039) نىڭ 30 توملۇق ئەسىرى، مۇھەممەت ئەلئەۋفىنىڭ ھىجرىيە 625 - (مىلادىيە 1228 - يىلى) يازغان «جامىئول ھىكايەت» ناملىق «تابغاچ ئىبراھىمخانغا بېغىشلاپ يازغان ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ جاھانشۇمول ئەسەرلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان زور ئىلمى قىممەتتىكى تۆھپىلەر بولۇپ، بۇ دەۋردە تەرەققىي قىلغان قاراخانىلار مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى؛ 9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە بولغان قاراخانىلار دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيا-تىدىكى بىر يۇقىرى پەللە دېگىنىمىزدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇندىن كېيىنكى دەۋر-لەردىكى مەدەنىيەت تارىخىغا نەزەر سالىدىغىنىمىزدا 14 - ئەسىردىن 16 - ئەسىر-گىچە داۋام قىلغان ئىمىر تۆمۈر دەۋرى ۋە ئۇنىڭ زاماندىشلىرى ياشىغان دەۋرنى يەنە بىر يۈكسىلىش دەۋرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، «چىڭگىزخاننىڭ ماۋارا-ئۇننەھرى ۋە تۈركىستان ئەللىرىگە يۈرۈش قىلىشتا خارابىلارغا ئايلىنىپ ئىما-رەتلەردىن بىر دانە پۈتۈن خىش قالمىغان ھالدىكى شەھەرلەرنى ئىمىر تۆمۈر ئاۋات قىلىشى بىلەن سالتەنەتلىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقتى»① ھەممىگە ئا-يانكى؛ چىڭگىزخاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچلۈك بىر فېئوداللىق ھاكىمىيەت ئىمپېرىيىسىنى تەشكىل قىلغان ئىمىر تۆمۈر [1370 - 1405] چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنمە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئا-سىيانى 1370 - يىلى سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردى.

ئىمىر تۆمۈر ھەر قايسى جايلارنى ئىستىلاھ قىلىشتا نۇرغۇن ھەربى يۈرۈش نەتىجىسىدە سەمەر قەندنى ئۆزىگە پايتەخت قىلدى.

سەمەرقەندنى پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك مەركىزىگە ئايلاندۇرۇشتىكى پىلانى بويىچە جاھان مەدەنىيىتىنىڭ پېشۋالىرى دەپ تونۇلغان مۇنەۋۋەر ئالىم، ئەدىپ ۋە ھەر خىل پەننىڭ ھۈنەر ۋە ئۇستازلىرىنى «ئاسراپ ئۇلارنى قەدىرلەپ ۋە ھۆرمەت-

①«مىرخۋاندنىڭ رەۋزەتۇسساپا» ئەسىرىدىن

لەپ»① ئۆزىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، سەمەرقەندنى جاھان
مەدەنىيىتى بويىچە ئەڭ مەدەنىي، ئەڭ يۈكسەك ئاۋات ۋە باياشات بىر پايتەخت
قىلىپ ئىلىم مەركىزىگە ئايلاندۇردى. «سەمەرقەندگە نۇرغۇن بىلىم يۇرتلىرى
ۋە چوڭ مەدرىس، جامە خانىقالارنى شۇنداق ئالىي دەرىجە قىلىپ ياساتقانكى؛
مەدرىسلەرنىڭ گۈمبەزلىرىنى مەرمەردىن پۈتتۈرۈپ نەقىشلىرىنى خىزدى تىللا بىلەن
زىننەتلىگەندەك ئىشلەتكۈزدى. مەدرىس چۆرىسىگە بېھىش گۈلزارىدىن بىشارەت
بېرىدىغان بىنالارنى قىلدۇردى.»②

ئەمىر تۆمۈر ئىلىم - پەن بىلىم يۇرتلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىش بىلەنلا قالماستىن «شەھەر قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەھەرنى گۈزەل- لەشتۈرۈشكە شۇنچە ئەھمىيەت بەردىكى، „باغىشامالنىڭ جەنۇبىدا بىر باغ ياسات- قان، باغنىڭ ھەر تەرىپىگە 1500 گەز كېلىدىغان بىر قەسىر ياساتقان. بۇ ياسات- قان قەسىرنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆچكى قۇرۇلۇشىدا ھۈنەرۋەنلەر تاشنى قىرىپ تىزىشقا ئەڭ ئۇستىلىق ماھارەت ئىشلەتكەن بولۇپ باشقا جايلاردا ياغاچ - پىل چىشى- لىرىدىن ئويۇپ نازۇك نەقىشلەرنى قىلغان بولسا ئۇلار چىمۇرلەك بىلەن تاشقا ئويۇپ ياساپ چىقىش بىلەن بىر مەرمەردىن قىلىپ ياسالغان قەسىردە گۈزەل مەنزىللەرنى، نەفىس رەسىملەرنى ئويۇپ گۈزەللەشتۈرۈپ بېزەپ چىققان. قەسىردە ئەتراپىدا پونتانلارنى ياساتقان»①

„ئابدۇرازاق سەمەرقەندنىڭ ئەسىردە كۆرسىتىشىچە „بۇ قۇرۇلۇشتا چىنىدىن مەخسۇس ئۇستا رەسساملارنى ئالدۇرۇپ، چىن نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن دىۋانلارنى ياسىتىپ ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن رەسىملەر بىلەن بېزەتكەن ئىدى.

تۆمۈر، پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە قولايلىق شارائىتلارنى ھازىرلاش ئۈچۈن چوڭ ھەشەمەتلىك خاندانلىق دىۋانى سالدۇرۇش بىلەن «بۇ دىۋان سارايدا ھەر قايسى پەن ئالىملاردىن تاللاپ ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن پەن - مەدەنىيەتنى راۋاج- لاندۇرۇشتىكى ھەر خىل مۇئەسسەسەلەرنى تەشكىل قىلدى»① بۇ ئىلمىي مۇئەسسەسە مەر- كىزىنى چۆرىدىگەن ئاساسىدا كۆپلىگەن ئەختىساسلىق بىلىم ئىگىلىرى ئالدىدا قە- دىمكى يونان ۋە رىم ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى چاغاتاي تىلى [ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى] غا تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش ئۇنى شەرق ئەللىرىدىكى پەن - مەدە- نىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى تۆھپىلىرىنى يارىتىشتەك يۈكسەك ۋەزىپىلەرنى قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىم

---

①②«مىرخۇەندىنىڭ «رەۋزە تۇسساپا» ئەسىرىدىن
①«مىرخۋاندىنىڭ «رەۋزە تۇسساپا (ھەقىقەتلەر بېغى») دېگەن ئەسىرىدىن
②گېرمان ۋاجىرىنىڭ «بۇخارا ياخود ماۋارائۇننەھرى تارىخى ئەسىرىدىن
①گېرمان ۋاجىرىنىڭ «بۇخارا ياخود ماۋارائۇننەھرى تارىخى ئەسىرىدىن

مەركىزى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتتە پەن - مەدەنىيەت يۈكسىلىش بىلەن تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بويىچە گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، تارىخشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك، ئەدەبىيات، سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ئەسەرلەر مەيدانغا چىقتى.

پەن - مەدەنىيەتنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدە سەمەرقەندىكى ئىمىر تۆمۈر، دىۋان ئوردىسىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توپلانغان كىشىلەر ئىچىدىن بىر مۇنچە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملار مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئىمىر تۆمۈر خاندانلىقىنىڭ ئىلى دىۋان ئوردىسىدا مەشھۇر تارىخشۇناس ئەرەبشاھ [1392 - 1450]، نىزامىددىن، شاھى خۋاجەھىيايىدىن، مەۋلانەشەرەپىدىن ئەلى يەزدى «ئىز دەريادەك بىلىملىك بولۇپ شۇ زاماندا سەمەرقەند خوراسان ۋە ئىراقتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىدىغان فازىل مەۋلانە يوق ئىدى. مۇئەممائىلمىنىڭ پېشۋاسى بولۇپ يېتۈك ئالىم بولۇپ ئۆتمۈشنىڭ تەرجىمە ھالىنى پارسچە يازغان. ئەسىرى ۋە 1424 - يىلى يازغان «زەپەرنامە» «ھىلال» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن «قەسىدە بۇردە» گە تەسەۋۋۇر تىلى بىلەن شەرھى يازغان. ھېچ كىشى مەۋلانەدەك ياخشى شەرھى قىلمىغان»① بۇ دەۋردە ئاتاقلىق تارىخشۇناس مىرخۋاند پارسچە يازغان «رەۋزە تۇسسافا» (ھەقىقەتلەر بېغى) ئابدۇراززاقنىڭ «تۆمۈر تارىخى» ناملىق ئەسىرى ھەر قايسى پەن ئالىملىرىدىن مەۋلانە سەئىددىن مەسئۇت ئىبنى ئۆمەر [1322 - 1395] قاتارلىق ئالىملار ئۆز دەۋرە تونۇلغان ئىدى.

مەشھۇر ئەدىپ شائىرلاردىن شائىر ھافىز، خوجەندىلىك قەمەيىنىڭ

«تۆمۈرنىڭ تەرجىمە ھالى» نى شېئىر بىلەن يازغان.

تەبرىزى ئوغلى شەيخ مۇھەممەتلەر مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ «ئىمىر تۆمۈر دەۋرىدە مەشھۇر نەققاش رەسساملاردىن كامالىدىن بېھزات — تەسۋىرى سەنئىتىنىڭ ئۇستىسى بولۇپ ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنىڭ نەپىسلىكى، يارقىن، رەڭگى جەھەتتىن شەرقنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن سەنئەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن»① بۇنىڭدىن باشقا مىر سەئىد ئەخمەت نەققاشچىلىقتا ۋە رەسساملىقتا خوجاغىياسىدىن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان ئىدى.

ئىمىر تۆمۈر دەۋردە باشقىچە پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاشلا مۇزىكى-

كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالاھىدە تەرەققىي قىلدى. مۇزىكىچىلار ئارىسىدا كومپوزىتورلاردىن خۋاجە ئابدۇللا قول مۇھەممەت شەيخ نەي، ھەسەن ئۇدىلەر خەلق ئارىسىدا ئالاھىدە نام چىقارغان سازەندىلەر ئىدى. مەشھۇر مۇزىكاشۇناس

---

①مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ئەسىرىدىن

①گېرمان ۋاجىرى «بۇخارا ياخود ماۋرائۇننەھرى تارىخى» 2 جىلدىدىن

خوجە يۈسۈپ بورھانىددىن ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق مۇزىكىچىسى بولۇپ ئۇ كومپوزىتورلۇق نەزەرىيىسىنى يېزىش بىلەن تونۇلغان ئىدى.

ئەمىر تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى شاھروخ مىرزا (1376 - 1446) ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھىرات شەھىرىنى پايتەخت قىلغان دەۋرلەردە خوراسان مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

شاھروخ مىرزائۆزى ھەم شائىر ھەم ئالىم بولۇپ تۈركچە پارىسچە ئەسەر ۋە شېئىرلەرنى يازغان ئىلىم - مەرىپەت كىشىسى بولغانلىقىدىن ئۇ ئاتىسى تۆمۈرنىڭ پەن - مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن يەنىلا قەدىمكى مەدەنىيەت ئاساسىدا پەن - مەدەنىيەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى.

ھېرات شەھىرى سەمەرقەندەك ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە شەھەر قۇرۇلۇشى ئەينى زاماندا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ھەشەمەتلىك شەھەر بولۇشى بىلەن ئىلىم ئەھلى ئەمىر تۆمۈر ھۆكۈمرانلىرىدىكىگە نىسبەتەن ئىلىم - پەن مەرىپەت ئەھلى تېخىمۇ كۆپ جوغلانغان مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى گۈللەندى.

«شاھروخ مىرزا دەۋرىدە بۇ جايلاردا ئاتاقلىق مېمارچىلىق ئۇستىلىرىدىن مۇھەممەت سەبزى، قەمەرىددىن تەرەپتىن سېلىنغان ئومۇمىي بىنالارنىڭ سانى بىر نەچچە مىڭغا يەتكەن»① ئىدى.

شاھروخ دەۋرىدە ھېراتنى مەركەز قىلغان شاھروخ خاندانلىقى ۋە سەمەرقەندنى مەركىزى قىلغان شاھروخ ئوغلى ئۇلۇغبەك② (1409 - 1449) خاندانلىقى دېگەن ئىككى خانلىقتا بۆلۈپ ئىدارە قىلىنغان دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم-پەن راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ يەردە شاھروخ ئوغلى ئۇلۇغبەكنىڭ تۆھپىسىنى مەدەنىيەت تارىخىدا ئوينىغان رولىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى؛ ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 40 يىل ئىچىدە سەمەرقەندنى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «ماياك»غا ئايلاندۇرۇشتىكى تۆھپىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ دەۋرىدە «سەمەرقەندگە يېڭىدىن سېلىنغان شۇنچە كۆپ ئوردا سارايى مەدرىس، جامە،خانىقا مەسجىدلەرنىڭ كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىكىنى كۆرگەن بابور ھەيران قالغان ئىدى① تارىخىي پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدىكى، ئۇلۇغبەك شۇ زاماننىڭ يېتىلگەن ئالىمى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولغانلىقتىن بۇ دەۋردە ئىلىم - پەن زور يۈكسىلىشكە ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇلۇغ ئاسترونوم ئالىمى بولغان ئۇلۇغبەك ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ئالىملارنى شۇ جۈملىدىن قازى زادەرومى، غىياسىددىن جەمشىد، مويىددىن كاشانى ئۇلائىددىن ئىبنى مۇھەممەت قوشچى قاتارلىق مەشھۇر ئاسترونوم ئالىملىرىنى توپلىغان ئىدى.

بابورنىڭ خاتىرە ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە «دۇنيادا ئەڭ يۈكسەك شاھانە مەدرىس بىنا قىلىنىشىنى پىلانلاپ بۇ مەدرىسنى ھىجرىيە 828 - يىلى

---

①«كېرمان ۋامبېرى» نىڭ بوخارا ياخود ماۋالئۇننەھرى تارىخى 2 - جىلدىدىن

②ئۇلۇغبەكنىڭ خاس ئىسمى - مۇھەممەت تەرغاي:

①«غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسەردىن.

[مىلادىيە 1424 - يىلى] دا پۈتتۈرگەن، بۇ مەدرىسىنىڭ ئىچىدىكى دىۋارلىرى يۇقىرى ھەشەمەتلىك ھەر خىل رەڭدىكى زىننەتلىك كاشا كېسەكلەر بىلەن سىرلانغان. مەدرىسىنىڭ تۆت مۇنارىسى بولۇپ كۆرۈنۈش خانىسىغا بۈيۈك مەرمەر تاشلاردىن قويۇلغان.

بۇ مەدرىس خانىنىڭ ئايرىم باغچىلىرى، رەسىم خانىلىرى بولۇپ بۇنىڭ دىۋانلىرى جۇڭگودىن تەكلىپ بىلەن كەلتۈرۈلگەن رەسساملار تەرەپتىن زىننەتلەنگەن.

ئۇلۇغبەك ئۆزى سالدۇرغان مەدرىس ئىشىكىگە «بىلىم ئىگىلەش ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر-خوتۇن، قىزلىرىنىڭ بۇرچىدۇر» دېگەن. ھەدىسنى نەقىش بىلەن ئويۇپ يازدۇرغان.

بۇ ھەدىس سۆزى ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئورنى تۈركىي خەلقلەردە ئەزەلدىن ئەرەب-ئىران خەلقلىرىدىكە قارىغاندا يۇقىرى ئىدى. دېگەننى نامايەن قىلغان.

شۇ دەۋردە بۇخارا، سەمەرقەندتە قۇرۇلغان بۇ خىل مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇشى يېقىن شەرقتە تەڭداشسىز بولۇپ ئارختېكتور ۋە تەسۋىرى سەنئەتتە يۇقىرى ئىمكەنلىكىنى، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلۇغبەك، زامانىسىدا مۇنەۋۋەر ئالىمىي نۇجۇم ئالىمى ۋە ماتېماتىك ئىدى.

ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشتىكى ئىلمىي ئورنى قىلىپ، سەمەرقەندە مەشھۇر رەسەتخانە① سالدۇرۇشنى پىلانلاپ، ئاسترونومىيە ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىش مەقسىتىدە، بۇ بىنا قۇرۇلۇشنى ھىجرىيە 832 - يىلى [مىلادىيە 1428 - 1429] سېلىشنى باشلىغان ئىدى. بۇ رەسەتخانىنىڭ بىناسى شۇقەدەر ئۇزۇن مۇددەت پىلانلانغانكى بۇ بىنا قۇرۇلۇشىغا ئۆلىما ئالىملاردىن قازى زادەردى، غىياسىددىن جەمشىد مۇيىددىن كاشانى ۋە بىن ئىسرائىل سالاھىددىن قاتارلىقلار قاتناشقان بولسىمۇ بۇ ئالىملارنىڭ ھېچ بىرسى ئۇنىڭ تامام بولغانلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. پەقەت يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىر قەدەر ئېنىق كۆزىتىش ئورنىدا پۈتكەن بولۇپ بۇ رەسەتخانىنىڭ پۈتكۈل بىناسىنى ئۆلىما - ئالىم ئەلى قۇشچى تاماملىغان ئىدى.»②

بابۇرنىڭ ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلۇغبەكنىڭ بۇ رەسەتخانىسى [ئوبسېرۋاتورىيەسى] 4 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ 1 - قىسىم تۈرلۈك دەۋرلەر ۋە ئەسىرلەرنى كۆرسىتىش 2 - قىسىم ۋاقىت جەدۋىلى. 3-، قىسىم سەييارىلارنىڭ ھەرىكىتىنى بىلىش ئورنى، 4- قىسىم باشقا قىسىملار ئەھۋالى قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن بولۇپ ئۇلۇغبەكنىڭ بۇ ئوبسېرۋاتورىيەسىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئەينى زاماندا ھازىرقى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيا قوللىنىشقا پايدىلىق بولغان كوركان ئاسترونومىيەسى جەدۋەلىنى تۈزۈشكە خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئىلمىي كەشپىيات ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ئىككى مەدەنىيەت مەركىزىدە تۇپلانغان

---

① «رەسەتخانا - ئوبسېرۋاتورىيە»
② گېرمان ۋاجىرى «بۇخارا ياخۇد ماۋرائۇننەھرى تارىخى» 2 - جىلدىدىن

ئالىملار بىرۇنقىدەك ئەرەب تىلىنى ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر تىلى ھېساپلىمايدىغان، پارس تىلى بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمايدىغان ھالدا چاغاتاي تىلى [ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى] نى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. بۇ دەۋردە ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى، مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىق ئەدىپ - ئالىملار ئەنە شۇ مەدەنىيەت مەركىزىدە ياشاپ نۇرغۇن ئالەم شۇمول ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

تارىخىي رەشىدىدە كۆرسىتىلىشىچە: شاھرۇخ زامانىسىدا ماۋرائۇننەھرى ۋە خوراسانىنىڭ ھەممىسىدە 5 كىشى بار ئىدى. چوڭ ئۆلىما ئالىملار ئۇلارنى «خەمسەئە مۇتەھەييرە» (ھەيران قالارلىق 5 كىشى) دەپ ئاتىشاتتى- بۇلارنىڭ ئەۋۋەلى مەۋلانە ئابدۇرەخمان جامى، مەۋلانە داۋۇدھىسارى، مەۋلانە شەيخ ھۈسەيىن مۇھتەسىپ مەۋلانە شەمشىددىن بەھرى ئابادى، مەۋلانە بۇرھانىددىن قاتارلىق داڭلىق ئۆلىما ئالىملار پەن - مەدەنىيەتنىڭ پېشۋالىرى ئىدى.» ماۋلانا ئابدۇرەخمان جامىنىڭ دىۋان ئەسەرلىرى دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا مەيدانغا كەلگەن. يەنە شۇ دەۋرلەردە خوراساندا نامى مەشھۇر بولغان يېتۈك ئالىملاردىن ماۋلانا ئۇلائىددىن مەكتۇبدار (بۇ كىشى مەۋلانە سەئىددىدىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتى) مەۋلانە ئىلىبەرۋەردى مەۋلانە شەمشىددىن روھى [ماۋلانا سەئىددىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتى] خوجە ئابدۇلئەزىز جامى شەيخ بورانى، ماۋلانا مۆمىن ۋائىزى، ماۋلانا خوجەكوھى ھاپىز مەھمۇت قاتارلىق ئالىملار مەيدانغا كېلىشكەن.

خوراساندا مىرزا ھۈسەيىن (1438 - 1505) زامانىسىدا ئۆتكەن ئۇلۇق مۇتەپەككۇر ئالىم، ئەدىپ - شائىر ئۇيغۇر باخشىسى ئەلىشىرناۋايى (1441 - 1501)، مەۋلانە پاساھىددىن (ۋاپاتى مىلادىيە 1514) مەۋلانە ئابدۇرەخمان گارتگەر، بابائەلى شاھشەيخ، ھاجى مۇھەممەت قورجانى، ماۋلانا شەمشى مۇھەممەت مىرغانى، مەۋلانە سەئىددىن، مىرسەيت شىرىپ جورجانى قاتارلىق ئالىملار ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان شائىر، ئالىملار بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يېتىلگەن شۇ ئەسىرنىڭ ئۆلىمالىرىنىڭ پېشۋاسى ھېساپلانغان ئاتاقلىق ئالىم مەۋلانە سەئىددىن شەيخ شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن تونۇلغان ئىدى.

شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن مەۋلانە سەئىددىن شەيخنىڭ ئىلىم - پەن مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى تۆھپىسى شۇنداقكى، «خوراساندا نۇرغۇن يېتىلگەن ئالىملار بۇ كىشىنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇلار شاگىرتلىق بىلەن پەخىرلىنەتتى. شەيخۇلئىسلامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مەۋلانە ھىسامىددىن ئىبراھىم، مىرمۇھەممەت مىريۇسۇپ، شەمشىددىن مۇھەممەت، بەھرى ئابادى ۋە باشقىلار بولۇپ 25 دانىشمەن موتالىئە قىلىشاتتى. كىتابلار تەسنىپ قىلىشاتتى. سۆزلەر كەلتۈرۈشەتتى. شەيخ مەجلىسىدە (مۇھاكىمە يىغىنىدا) بەھس قىلىشاتتى. گاھىدا دانىشمەنلەر 2 پىرقە بولۇپ قالاتتى. شۇچاغدا شۇنداق بولاتتىكى، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ ئەھەس بولۇپ 3 - بىر خىل بايان قىلمىغاتتى. بارلىقى قوبۇل قىلىشتىن

باشقا چارە بولمايتتى. گەرچە بەھەس ئەھلى بولسىمۇ گاھىدا بارلىقى ھەر بىر ئىشتا قارار قىلىشاتتى. شەيخ 2 - بىر خىل بايان قىلاتتىكى، بارلىقى ئۆزقارارىدىن قايتىشاتتى. تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن ئالىملار تەئەججۈپ قىلىشىپ بۇ ھاياتتا مۇشۇنداق دانىشمەن كىشىلەر ھەم بولىدىكەن دېيىشەتتى. 24 يىل ئۇلارنىڭ دەرس مۇشۇ تەرتىپتە بولۇپ دانىشمەنلەر ھەرگىز شەيختىن بىھاجەت بولالمىدى»① دېيىلگەن بۇ خىل ئەركىن مۇھاكىمە دەرسلىرى ئارقىلىق نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىدىكى چىگىشلەر ھەل قىلىنىپ بۇ بۇھاكىمىدە دەرسلەرنىڭ داۋام قىلىشى ئارقىلىق نۇرغۇن پەن ئالىملىرى يېتىشىپ چىقتى. نۇرغۇن ئالەمشۇمۇل ئەسەر داستان، دىۋان، شېئىرلار توپلاملار مەيدانغا كەلگەن. خەلىل مىرزانىڭ تۈركچە يازغان دىۋانى، سەئىد ئەخمەت مىرزانىڭ «لەتاپەتنامە» ناملىق دىۋانى، قاسىم ئالانۇرنىڭ (ۋاپاتى مىلادىيە 1475 - يىلى) «تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى ئەسىرى» شائىر بابائىمىنىڭ «غەزەللەر دىۋانى»، ئۆمەر شەيخ ئوغلى سۇلتان ئىسكەندەر شەھزادىنىڭ «پارىسچە شېئىر دىۋانى» مەشھۇر شائىر خوجائىسمەت بۇخارىنىڭ (ۋاپاتى مىلادىيە 1441 - يىلى) «شېئىر دىۋانى»، ئۆمەر شەيخ ئوغلى بابۇرمىرزانىڭ تۈرك تىلىدا يازغان «شېئىر توپلىمى»، بابۇرنىڭ «بابۇرنامە» ئەسىرى، خوجا ئابدۇللا ئاسىپنىڭ «تۆمۈرنامە» ۋە تۆمۈرنىڭ تەرجىمە ھالىنى شېئىر بىلەن يازغان ئەسىرى، مەۋلانە ھەسەن كىبرايىنىڭ، جالالىدىن رومىنىڭ مەسنەۋىگە شەرھى يازغان ئەسىرى» «مۇھەممەت سالىھنىڭ شېئىر بىلەن يازغان «سەيبانىنامە» ناملىق ئەسىرى ھەم «لەيلى، مەجنۇن» نى، تۈركچە غەزەل بىلەن يازغان مەسنەۋى ئەسىرى. مەۋلانە ئابدۇغوپۇر جامىنىڭ «ھوقۇق ئىلمى» ھەققىدىكى ئەسىرى (ۋاپاتى مىلادىيە 1510 - يىلى) مەۋلانە كامالالىدىن ھەسەننىڭ قۇرئانكەرىم تەپسىرى، ئەسىرى مەۋلانە مۇھەممەت سەپەھانىنىڭ «ھەندىسىنى شەرھى قىلىشتىكى مەشھۇر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن.

بۇلاردىن باشقا خوراساندا ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن مىر ئابدۇقادىر مەشھەدى، مىرئىبراھىم مەشھۇرى، مەۋلانەمەسئۇدى، مەۋلانە ئىمايىمدىن ئىبراھىم مىرمۇھەممەت، مىر يۈسۈپ، مەۋلانە شەمشىدىن، مۇھەممەت بەھرى ئابادى، مەۋلانەغىياسىدىن، بەھرىئابادى مەۋلانەھەسەنى، مەۋلانەئەخمەت رومى قاتارلىق ئالىملار ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇرلىرى ئىدى. خوراساندىكى تىۋىپلار پېشۋاسى مەۋلانەقۇتبى، مەۋلانە مىركالان تىۋىپ مەۋلانە جامى تەبرىزى، مەۋلانە ئابدۇغوپۇر قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ، ئالىم ۋە تىۋىپلار يېتىشىپ چىقتى.

بىز تۆۋەندە ئۇلۇق مۇتەپەككۇر شائىر ئالىم مەۋلانە ئابدۇرەخمان جامىنىڭ ئۇستازى، يېتۈك ئالىم مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى ھىجرىيە 778 - يىلى (مىلادىيە 1377 - يىلى) قەشقەردە ئۇۋاغلار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. «ئۇلار تەبىقىسىدە ئالىملار ئەھلى تەقۋادار ۋە ئەۋلىيالار بولغان»① مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى ياش ۋاقتىدا ئۇلۇغبەك (1409 - 1449) زامانىسىدا قەدىمى

①مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدىن

قەشقەردىن سەمەرقەندكە بارغان.

مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى ياشىغان دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەند ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم - پەن مەركىزىگە ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى نۇرغۇن ئىسلام ئالىملىرى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە سەمەرقەندكە ئېقىپ ئىلىم ھاسىل قىلىش دولقۇنى يۈكسەك كۆتۈرۈلگەن زامان بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى قەشقەر سەمەرقەندكە مېڭىشنىڭ يېقىن بولۇشى بىلەن ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ يەنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر بىلەن قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بولۇشى، بېرىپ - كېلىش، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن شۇ دەۋرلەردە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغان.

بۇ تارىخىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر كېيىنكى دەۋرلەردە مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇق تۈس ئالغان دەۋر بولۇشى بىلەن، بۇ دەۋرلەردە سەمەرقەندنىڭ پەن - مەدەنىيىتى خېلى راۋاجلانغان ئىدى.

بۇ دەۋرلەردە قەدىمكى قەشقەردىن مەۋلانە مۇھەممەت قاتارلىق نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى ئالدى-كەينى - كېيىن بولۇپ ئىلىم مەركىزى بولغان سەمەر قەندكە توپلانغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرىمۇ ئىلىم ئىزلەش ئىشتىياقى بىلەن ئۆز پەرزەنت مىرسەيت ئەلىنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان قەدىمكى قەشقەردىن سەمەر قەندكە بېرىپ قەشقەرلىك مەۋلانەمۇھەممەت بىلەن ئىلىم ھاسىل قىلغان.

ئۆز پەرزەنت مىرسەيت ئەلىنى شەيىخ ھەبىبىنىڭ خىزمىتىگە ۋە ئىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بەرگەن. ئۆزى خوراسانغا بېرىپ «خوراسان ئالىمى مەۋلانە نىزامىددىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭدىن ئىلىم ھاسىل قىلىش بىلەن پۈتۈن ئەنئەنىۋى بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى تاماملىغان. ئۆز زامانداشلىرى ئارىسىدا زور ئاتاقلىق ئىگە بولۇپ تونۇلغان ئىدى»① مەۋلانەسەئىددىن قەشقەرى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى بولۇپ، كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلىگەندىن كېيىن خوراساندا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (1438 - 1505) مىرزا سالدۇرغان «مەلىكان مەدرىسى» دە مۇدەررىس بولۇپ نۇرغۇن ئىختىساسلىق بىلىم ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. مەۋلانەسەئىددىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئۇلۇق مۇتەپەككۇر شائىر ۋە ئالىم مەۋلانە ئابدۇرەخمان جامى، ماۋلانا ئولائىددىن، مەۋلانە شەمشىددىن رومى قاتارلىقلار خوراسان ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ئۇلۇغلۇقتا ۋە ئالىم خانلىقتا ئەھلى ئىلىم ئېتىراپ قىلغان ئالىملار بولۇپ تونۇلغان ئىدى. ئەپسۇسكى، مەۋلانەسەئىددىن قەشقەرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمىگەن. مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى ئۆز زامانىسىنىڭ جاھانشۇمۇل ئالىمى بولۇپ تونۇلغان ئالىم، شائىرلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇخوراساندا ھىجرىيە 860-يىلى(مىلادىيە 1456-يىلى) 82 ياشتا ۋاپات بولدى.

①مەۋلانە ئابدۇرەخمان جامىنىڭ «نەپەھاتۇلئۇنس» دېگەن ئەسىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا بولۇپمۇ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بولۇپ پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان خوراسان ئالىملارىنىڭ دەپتەر بېشىدىكى شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن تونۇلۇپ، تۆھپە ياراتقان شائىر - ئالىم مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى (ۋاپاتى 1492) ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدە مەۋلانە سەئىددىن قەشقىرىدىن بىلىم تەھسىس قىلغان. مەۋلانە سەئىددىن قەشقىرى (ۋاپاتى 1456) دىن كېيىن مەخزۇددى ئوراخوجەشاھابىدىن مەھمۇتنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ يۈكسەك پەخىرلىك ئورۇندا ئىگە بولغان.

مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يىللىرى شاھروخ دەۋرى (1409 - 1449 يىلى يىللار) ۋە خوراساندىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزا (1438 - 1505) يىللىرىدا مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى ئوتتۇرا ئاسىيادا خوراسان ۋە پارس خەلقلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان.

مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى شۇنداق ئاتاقلىق ئىگە بولدىكى، شاھرۇخ مىرزا زامانىسىدا ھەيران قالارلىق 5 كىشىنىڭ ئەۋۋىلى ئىدى.

ئۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق ئورۇن ئىگىلىگەن، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا جاھانشۇمول تارىخى ئەھمىيەتلىك زور مەنىۋى بىباھا ئىلمى مىراسلارنى قالدۇردى. ئۇنىڭ پارس تىلىدا يېزىپ قالدۇرغان نادىر ئەسەرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت. «شاۋاھىدوننەبو ۋە» «نەبىھا تولمۇنىس» «ھەپتە ئەۋنەڭ» (نەزمە ئەسەر 7 توم) «كافەنىنىڭ شەرھى» «ئەدئېنىنىڭ نەزمى» «لاۋايىھەشەرھى دىۋان» «موئامما رىسالەلەي» «نەپاھات 30 جۈزئى» «رىسالەن موسەقيۇن» «بەھارىستان جامى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشىدىن باشقا ئۇنىڭ مەنىۋى مىراسلارنىڭ بىر قىسمى «ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان»① ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋايىغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە سەركەردىلەرنى يېتىشتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

ھىجرىيە 842 - يىلى (مىلادىيە 1439 - يىلى) دۇنياغا كېلىپ 38 ياشتا خوراسان خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىن مەنسۇر مىرزا ئوغلى - مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنى شەيخۇلئىسلام - پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قازىسىنىڭ قازىسى قىلىپ بەلگىلىدى. ھىجرىيە 888 - يىلى (مىلادىيە 1483 - يىلى) سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا تەرەپتىن ھىرات شەھىرىگە ئىنتايىن كۆلىمى چوڭ ھەشەمەتلىك قىلىپ بىر مەدرىس ياسالغان بولۇپ ئۇنىڭ تاملىرى پاشتاق، ئايۋان، دالان ۋە ھوجرىلىرى ئىنتايىن ئىنچىكە ئىشلەنگەن بۇ مەدرىكە مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنى مۇدەررىس قىلىپ بەلگىلىدى. جامىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مەدرىسىنىڭ ئورنى بىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ياشاپ ھىجرىيە 897 - يىلى (مىلادىيە 1492 - يىلى) ئالەمدىن

ئۇھېرات شەھىرىدە قۇرۇلغان ئىلمىي ئۇنىۋېرسال مەشھۇر مەدرىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن بۇ مەدرىسكە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر مۇتەپەككۇر دۇنياۋى بىلىم ئىختىدارىغا ئىگە بولغان كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملاردىن تاللاپ توپلىدى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ئۈچۈن بىر قاتار كەڭ ئازادە مۇھىت - پايدىلىق شارائىتلارنى ياراتتى. مەدرىستە مۇنتىزىم ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

مەدرىستە كۆپ خىل پەنلەردىن ئەرەب - پارس تىلى، ئىسلام تارىخى ئىسلام پەلسەپىسى، تىل ئەدەبىيات بىلىمى، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمى، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ئارخىتېكتورلۇق، ھەر خىل ھۈنەر-كەسپىي بىلىملەرنى ئوقۇشنى ئاساس قىلىپ ھەر خىل پەننىڭ ئىختىساسلىق كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھىرات شەھىرىدىكى مەدرىستە ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملاردىن شېيخ زىنوددىن، مەۋلانە ئابدۇغوپۇرى، شېيخ نورىددىن، مەۋلانە ئابدۇراخمان گارتگەر، بابا ئەلى شاھ، شېيخ جامى، مۇھەممەت قوجانى قاتارلىقلار.

ھەدىس ئالىملىرىدىن خۋاجە مەۋلانە مەھەممەت سەپھانى، مۇتەپەككۇر داڭلىق شائىرلاردىن شىرىيەت پەنىنىڭ ئۇستازى ئەلشىر ناۋايى - ھەسەن ئەلى جالايىر (تەخەللۇسى تۇفەيلى) ئامى-شىردىۋانى ھىلالىنىڭ «شاھ گادا ئەزمى داستانى» شائىرىمنا ئىمىنىڭ «شىردىۋانى» شېيخ ئەخمەت (تەخەللۇسى سوھەيلى) مەۋلانە مۇھەممەت باخشى، مەۋلانە شاھابىدىن قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى نۇرغۇن پەيلاسوپ ئالىم ئەدىپلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ مۇدەررىس بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدىكى نەتىجىلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى ئالىملار پەخرى بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىگە قاراپ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى «جاھانغا شاھ قارچۇغىسى» دەپ مەشھۇر نام بەرگەن ئىدى.

«ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان ئاتىسى كىچىك باخشى»① نامى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلگەن ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر، سىياسىيون، دۆلەت ئەربابى ئەلشىر - ناۋايى — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىپتىدارلىق نامايەندە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان ئوخشىشى بولمىغان يېتۈك ۋە فازىل ئالىملارنىڭ پەخرى»② ناۋايى خوراسان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر ئەدەبىياتشۇناس بولۇپ ھىجرىيە 845 - يىلى (مىلادىيە 1441 - يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ناۋايىنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلى

①②«مىرزا ھەيدەر گورگانىنىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئالاقىدار ئىدى. ئۇ كىچىكىدە مىرزا ھۈسەيىن بايقارا بىلەن دوست ۋە ساۋاقداش بولغانلىقتىن تارتىپلا ئىلىم - مەرىپەتكە ۋە ئەدەبىياتقا ئىشتىياقى بىلەن بېرىلگەن. ناۋايىنىڭ ھاياتىدىكى ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا جامى مۇھەممەت ھېكىم بىننى سەيىت مەسۇمخان تەرەپىدىن يازغان «مىنتەزىلىپ «ئالتوۋارىغ» ئەسىرىدە يېزىلىشىچە «ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىلىم - پەن مەركىزلىرىدىن بولغان سەمەرقەندتە سۇلتان ئەبۇسەئىد (1424 - 1469 - يىللار) نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئەبۇسەئىد ئوغلى سۇلتان ئەخمەت مىرزا (ۋاپاتى 1493 - يىلى) دەۋرىدەكېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا (1439 - 1505) دەۋرلىرىدە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش ۋە كامالەتكە يەتكۈزۈشتە شۇ چاغدىكى ئەڭ بىلىملىك تەڭداشسىز ئالىملاردىن بىلىم ئېلىپ قەلەمدە يېتىلگەن ئىدى.

ناۋايى ئۆزى ئېيتقاندەك «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چېچەن ناتىقلىرىدىن تۈركىي سۆز ماھىرلىرىدىن بولمىش مەۋلانە سەككاكى (1393 - 1449) مەۋلانە لۇتفى (1366 - 1465) لار① ئۇنىڭ ئەسىرداشلىرى ئىدى.

ناۋايى - پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان شائىر ۋە ئالىم مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى بىلەن زامانداش ۋە ئۇنىڭدىن بىۋاستە تەلىم ئالغان ئىدى.

ناۋايى ئۆمۈر بويى قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىپ شۇ دەۋرنىڭ «تۈركىي شېئىرلىرىدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئۇ مىقداردا ئۇنىڭدىن ئارتۇق شېئىر ئېيتمىغان ئۇ بۇ پەندە ئۇستاز ئىدى.②

دېگىنىدەك ئۇ شۇ چاغدىكى خەلقلەر ئارىسىدا ئوخشى بولمىغان ئۇ شۇنچىلىك يېتىلگەن ئىدىكى، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىگە ئايلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيا پەن - مەدەنىيىتىگە ئاجايىپ ھەسسە قوشتى.

ناۋايى تۈركىي تىلىدا يىرىك گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتىش بىلەن ئۇنىڭ تۈركىي تىلىدا يازغان شېئىرلىرى مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ فارىس تىلىدىكى شېئىرلىرىدەك مەشھۇر ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ناۋايى شۇ دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەندى. پارس ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، شېيخ سەئدى، ھافىز، شىرازى خىسراۋدېھلەۋى (1242 - 1325 ). جامى قاتارلىق ئالىم - شائىر پەيلاسوپلارنىڭ كىلاسسىك قەدىمكى ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بىلەن پارس تىلىدا نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يازدى. «پارس ئەدەبىياتىدا تەخەللۇسى: فانى»③ ئىدى.

ناۋايىنىڭ پارس تىلىنى بىلىش ئىختىدارى ئۆز دەۋرىدە خوراساندا داڭقى چىقىپ ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان. ئۇ خۋاجا ھاپىز دىۋانىغا پارسچە

①«ئەلشىر ناۋايى - غەزەللىرى - شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى
②مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ئەسىرى
③«مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ئەسىرىدىن.

جاۋاب يازغان داڭلىق ھىندى شائىرى «خىسرو دىھلەۋىدىن كېيىن قەسىدە ئەبرار» دا ھېچ كىم ئۇنىڭغا قەدەر يازالىغان ئەمەس»① ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، ناۋايى پارس ئەدەبىياتىنى پۇختا ئىگىلەپ پارس ئەدەبىياتىدا ھېچ يېتەلمىگەن ئاتاقلىق ئەرباب دېگەنلەرگە ئولۇشۇپ ئالمىدىغانلىقىنى نامايەند قىلغان.

ناۋايىنىڭ زور تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇ يىراقنى كۆرەرلىك چوڭقۇر ئويلاشتەك ئەقىل - پاراسەت، چېچەنلىك ۋە تەدبىرلىك ھالدا قەيسەر سەركەردە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئالىجاناپ ئىشلارنى نىشان قىلغانىدى، ئۇ كۈرەش ۋە ئىزدىنىش ھېسسىياتى بىلەن شۇ دەۋردىكى پارس يازغۇچى شائىرلارنىڭ قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماي، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان شائىرانە جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ شۇ دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ پارس ئەدەبىياتىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدىكى چاپالىق ئەمگەك بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلىنى پارسلاشتۇرۇش شامىلىغا قارشى ھالدا چاغاتاي تىلى (ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى) دا ئۆتكۈر شېئىرلارنى بايان قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ چاغاتاي تىلى بىلەن شانلىق بىباھا قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

ھەممىگە ئايانكى، چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن ئامۇ دەريا ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن چاغاتاي تىلى — ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى) ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. 14 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ھازىرقى شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدى. «چاغاتاي تىلى» دېگەن نام ھەرگىز موڭغۇل تىلى دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. «چاغاتاي» ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغىنىمىزدا دۇنيادىكى نۇرغۇن تىلشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدىكى ئىلمىي خۇلاسىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، «چاغاتاي» ئەدەبىي تىلى تۈپ ماھىيەتتە بىلەن شۇ زاماندىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قاراخانىلارنىڭ (تىلى. خاقانىيە تىلى) بۇ توغرىدا مەخمۇت قەشقەرىمۇ ئەڭ چىرايلىق توغرا تىل خاقانىيە تىلى دېگەندەك، مالۇم، «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكارلىقى دەپ جاكالىغاندەك، ئۇيغۇر تىلى يەنى قەشقەر تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا «چاغاتاي» ئەدەبىي تىلىغا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى، بۇ تىلغا دىئالېكت ئاساسى بولۇپ بەرگەن. دېمەك، «چاغاتاي، تىلى تۈپ ماھىيەتتە بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تىل بولۇپ بۇ تىل ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرگىچە ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە

---

①«مىرزا ھەيدەر كورگانىنىڭ تارىخى رەشىدى ئەسىرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلدى. تارىختا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان ئەنە شۇ تىل مەيدانغا كەلگەن. ئەدەبىياتمۇ «چاغاتاي» ئەدەبىياتى دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

يازما ئەدەبىياتىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ تايانچىسى بولغان بۇ تىلنى ناۋائىي جەسۇرانە قەيسەرلىك بىلەن قوغداپ بۇ تىلدىن چەتنەشكە بولمايدىغانلىقىنى مۇشۇ ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شانلىق ئۆچمەس ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن يېزىپ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

شۇنداقلا يازما ئەدەبىياتىمىزغا يېڭى دەۋر ئاچقان ئىدى. بۇنىڭدىن ناۋائىينىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش يولىدىكى **كۈرەش**تە جاسارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ناۋائىي ئۆز ھاياتىدا ئۆز ئانا تىلى بىلەن يازما ئەدەبىياتىمىزغا شۇنچە مول ئىسىل ئەسەرلەرنى يارىتىپ بەرگەنلىكى جەھەتتە مەشھۇر تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان قەشقەرى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى بولغان «تارىخى رەشىدى» ئەسىرىدە ناۋائىي ئۈستىدە توختىلىپ «ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ۋە ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدىمۇ ۋە كېيىنكىلەردىمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭلەشكەن ئەمەس، شۇ چاغلاردا خەلقلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان تەڭدىشى بولمىغان يېتۈك فازىللارنىڭ تولىسى ئۇنىڭ تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان. شۇ دەۋردە يېتىلگەن ئەھلى فازىللاردىن ئۇنىڭ تەربىيەت ۋە ياردىمىنى كۆرمىگەن كىشى يوق» دەپ يۇقىرى باھالىغانىدەك ناۋائىينىڭ تارىخىي تۆھپىسى بىباھا ئىلمىي ئەسەرلەرنى قالدۇرۇشى ئۇنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن مەڭگۈ كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئېلىشى، ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ قىممىتى شۇ دەۋردىكى ئىلىم پائالىيىتىنىڭ يىرىك مەھسۇلىدىن ئىبارەت.

ناۋائىي ياراتقان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تېمىسىنىڭ كەڭلىكى مەزمۇنىنىڭ باي چوڭقۇرلۇقى، مەنتىقى كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە تەپەككۇردىكى پەلسەپىۋى نەزەرىيىۋى قىممىتىنىڭ بۈيۈكلىكى بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆزى ياشىغان دەۋردىلا ئەمەس بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆچمەس ئەسەر بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىلغا ئېلىنىپ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىر قوزغىغانلىقىدىن تاكى 500 يىلدىن بېرى ھەر مىللەت خەلقلىرى ناۋائىي ئەسەرلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى. ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. شۇڭا ناۋائىينى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىم - پەن مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تۆھپىكارلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت.

«خەمسەئى ناۋائىي» «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» «سەبئە سەييار» «لىسانۇتتەيىر» «سەددى ئىسكەندەرى» «فەرھاد — شىرىن» «ئەلئەنبىيائى» «فەۋا-

ئىدۇل كىبەر» «بەدايىئۇل ۋەسەت» «بەدائىئۇل بىدايە» «ئەربەئىن ھەدىس مەنزۇم»
«مۇلۇكى ئەجەم» «ئەسسالاتىن» «ھەيرەتۇل ئەبرار» «ئەللوغەتۇزنە ۋائىيە ۋە لىسانۇتتەيرادا تولىچەغاتائىيە» «لوغاتى ناۋايى» «مەجالىسۇننەفائىس» «مەجنۇن ۋە لەيلى» «مەھبۇبۇلقۇلۇب» «مۇناجاتى» «مىزانۇل ئەۋزان» «نەسەيمۇل مۇھەببەت» «نەزمۇل جەۋاھىر» «نەۋادىرۇششەبابە باب» «ۋەقفنامە مەدرەسە ئىخلاسە» «مۇھاكىمەتول لوغەتەين» «تەزكىرەتولئەۋلىيا» قاتارلىق ئۆلمەس شېئىر ۋە داستانلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىش بىلەن ئەشۇ زامان ئەدەبىياتىدىكى پەلسەپەۋى ۋە ئىلمىي نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە دەلىل - دەل جاۋاب بېرىش ئارقىلىق شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار ۋە زور قىممەتكە ئىگە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى زور تارىخىي تۆھپە ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىن يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئىنسانىيەت ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى ۋە تۆھپىكارى بولغان ناۋايىنى ئۇلۇق مۇتەپەككۇر شائىر ئالىم دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقمىز

ناۋايىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۆھپىسى ئىسىل ئەسەرلىرىنىڭ تارىختىن مەڭگۈ كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئېلىپ كەلگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم - پەن مەركەزلىرىدىن بولغان سەمەرقەند ۋە خوراساندا ياراتقان نەتىجىلىرى ھەم كۆپ ھەم چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئىچىدە ھېچ قايسى ناۋايىدەك ھەم كۆپ، ھەم چوڭ نەتىجە ياراتالىغان ئەمەس ئىدى.

ناۋايى ئىجادىي پائالىيىتىنى دەسلەپ سەمەرقەندتە سۇلتان ئەبۇسەيىد مىرزا ئوغلى سۇلتان ئەخمەت مىرزا دەۋرىدە باشلىغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا خوراساندىكى 1469 - يىللاردا ناۋايى «ئۆزىنى سۇلتان ئەخمەت مىرزىدىن سوراپ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ قېشىغا خوراسانغا باردى»① سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ تەكلىپى بىلەن بەلغ ھە ئەمىرلىك خىزمىتىدىن كېيىن خوراسان خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدا ۋەزىرلىك خىزمىتىگە ئۇلاشقاندىن كېيىن ناۋايىنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە تېخىمۇ كەڭ ۋە ئازادە مۇھىت يارىتىلغان دەۋرى بولدى.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشى فېئودالىق ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئىقتىسادىي ھايات مۇقىملاشقا سەۋەب بولدى.

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان خوراسان - ھىرات شەھەرلىرى مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ راۋاجلاندى. بۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى جەمئىيەت بىر قەدەر تىنچ بولغاچقا مەدەنىيەت گۈللەندى. بولۇپمۇ خاندانلىقنىڭ سۇلتانى بولغان ھۈسەيىن بايقارا ئۆزى ئوقۇمۇشلۇق بىلىم ئىگىسى بولغانلىقىدىن ئۇ بىلىملىك، يېتىلىگەن ئۆلىما ئالىملارنى قەدىرلەپ ھۆرمەتلىگەنلىكتىن «باشقا جايلاردىكى مۇسۇلمان ئۆلىما ئالىملار شائىر يازغۇچى، سىزغۇچى، چالغۇچى ۋە بارلىق پەننىڭ ئۆتكۈر

①ھاجى مۇھەممەت ھېكىم بىننى سەيد مەسۇمنىڭ «نەتتىخىپ التوارىخ» دىن.

ئىلىم ئەھلىرى ئۇلۇغ ماشايىخلار شۇ دەۋردە توپلاندىكى ھېچ بىر پادشاھنىڭ ئالدىغا مۇنچىلىك ئىلىم ئەھلى ئۇلۇغلار توپلانمىغان ئىدى»①سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا چاغىدا خوراسان ۋە ھىرات شۇ دەۋردە تولۇق بولدىكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن مۇنداق تولۇق بولمىغان ئىدى. ھىراتتا تەرغىبچىلارنىڭ سانى نەچچە مىليونغا يەتكەن ئىدى»②

رافىئىنىڭ ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ھىرات شەھىرىدە نەچچە مىڭلىغان مەدرىس مەسچىت خانىقالار سېلىنغان، خانلىق ئوردىسى شۇنداق كاتتا ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئىدىكى، ئوردىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا باغ - باغچىلار، چىمەنزارلىق بىلەن قاپلانغان. بىر قانچە دىۋان سارايىنىڭ سېلىنىشىدىن قارىشاندا يەتتە ئىقلىمدا بۇنداق گۈزەل ئوردا بولمىغان» دېيىلگەن:

«سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھىرات شەھىرىدە ناۋائىينىڭ رىياسەتچىلىكى بىلەن كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ، ھەيۋەتلىك ۋە بۈيۈك بىر كىتابخانىسىنى سالدۇرغان. (بۇ ئەمەلىيەتتە يازغۇچىلار سارىيى ئىدى) بۇنىڭدا بىلىملىك يازغۇچىلار، سىزغۇچىلار ئالىملار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ بىر مۇنچە يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىش، سۈرەت سىزىش ياساشتەك سىزما ئورۇنلىرى ھازىرلانغان ئىدى»③ بۇ ئورۇنغا ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئۆلىما - ئالىملارنىڭ بارلىقى ھىراتتا بىر قەدەر بىر ئۆمۈر سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ دۆلىتىگە جۇغلانغان ئىدى.

ناۋائىي ماناشۇنداق چاغدا ۋەزىرلىك خىزمىتىدە قىممەتلىك ئۆمرىنى تامامەن تاتلىق ۋە ياخشى ئىشلارغا بېغىشلىدى.

ناۋائىي - خوراسان ۋە ھىراتقا توپلانغان دۇنيا ۋە پەن ئالىملارنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بېرىشتە ھەر قايسى جايلاردىن ھىراتقا جۇغلانغان ئالىملارغا ئىلىمدا ئەركىن بولغان شارائىتنى ياراتتى. بىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئىزچىل قەدىرلەپ ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتى.

ناۋائىي ھىراتتا ئىلىم - پەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى كەڭ راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دائىرىسىدىكى ۋە سىرتىدىكى تېخنىك ھۈنەرۋەنلەرنى توپلاپ «مەدرىس، مەسچىت، قىرائەتخانا، دوختۇرخانا، ئوردا ساراي ئايۋان سارايلىرى قاتارلىق 370 تىن ئارتۇق بىنا سالدۇردى»④ «پەقەت ناۋائىي نامىدا «قۇدسىيە مەسچىدى» «ئىخلاسىيە مەدرىسى» «خالاسىيە خانىقاسى سېلىنغان ئىدى»⑤ ئۇ خوراسان ئوردىسىدا ۋەزىرلىك خىزمىتىدە خوراساندا ئېچىلغان مەدرىس قىرائەتخانىلارنىڭ

①«تارىخ رافىئى» ئەسىرىدىن

②«جامى مۇھەممەت ھىكىم بىننى سەيدەسۇمىنىڭ نىتخب التوارىخ ئەسىرىدىن

③مىرزا ھەيدەر گورگان قەشقىرىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» ئەسىرىدىن.

④گېرمان ۋامبېرىنىڭ «بۇخارا ياخود ماۋرائۇننەھرى تارىخى 2 - جىلدىدىن

⑤«ئەرسلان تىزرى ئوغلىنىڭ» تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا قۇرغان كېسەل-خانىسى توغرىسىدا دېگەن ئەسىرى

پۈتۈن ئەسلىھەلىرىنى تەرتىپ توپلىدى.

كۆلىمى كەڭ، مەزمۇنى مول، ھەر خىل يېزىقتىكى ئەسەرلەر قويۇلغان بۇ چوڭ كۇتۇپخانا (يازغۇچىلار سارىيى) نى يولغا قويۇش بىلەن پۈتۈن ئىلىم-پەن ئۈچۈن» ئىشلىتىلگەن كۈنلۈك مەبلەغ 12000 دىنار شاھرۇخقا يەتكەن»② بۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى پەن ئالىملىرىنىڭ ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ياتاق ۋە شاھانە ئۆيلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش بىلەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئېھتىياجىنى قامدىغان ئىدى.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى؛ ناۋايى خوراسان خاندانلىقىنىڭ مالىيىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىلىم - پەن ئۈچۈن سەرپ قىلدى. بابۇر (1483 - 1530) ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە ناۋايى ھىراتتا بىر كىتابخانىنى تەسىس قىلىپ نۇرغۇن كىتابلارنى ھاۋالىغان» دېيىلگەن، ناۋايى نۇرغۇن ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىنى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ قوللىشى بىلەن بىنا قىلدى. ئۇنىڭ كۆپلىرى ھازىرقى كۈندە مائارىپ ئالتۇن دەۋرنىڭ گۇۋاھچىلىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

تارىخچى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىكى، «ھېچ كىشى ناۋايى بىنا قىلغان ئىمارەتلەردەك كۆپ ئىمارەت بىنا قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان① ناۋايىنىڭ بۇ زور تۆھپىسى، ئالىجاناپ پەزىلىتى بىلەن خوراساندا تۈركۈملەپ ئىختىدارلىق ئىلىم ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ناۋايىنىڭ بۇ زور نەتىجىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ كەلدى.

بۇنىڭ بىلەن خوراساندا تەبىئىي پەن جەھەتلەردە يۈكسىلىشلا ئەمەس، ئىجتىمائىي پەندىكى تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى بۇرۇنقى دەۋرلەردىكىدىنمۇ تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئىلىم - پەن گۈللەپ ياشناشتەك ئىلمىي مەنزىرە بارلىققا كەلگەن.

ئۆز زامانىسىدىكى ھىرات شەھىرىدە داڭقى كەتكەن، ناھايىتى نۇرغۇن ھەر خىل يېزىقتىكى پەنلەرگە ئائىت ئەڭ ياخشى نادىر ئەسەر ۋە كىتابلار قويۇلغان

بۇ كىتابخانا ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنىڭ بىر خىل مەركىزى بولۇش سۈپىتى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مائارىپ ۋە پەن - تېخنىكا ھۈنەر - سەنئەت جەھەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئەينى زامان ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىم جايى بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ كۇتۇپخانىدا ئورگىنىدا ئىلىم - پەن ئالماشتۇرۇش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان زور قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ كۇتۇپخانىدا قەدىمكى مەدەنىي مىراسلارنى يىغىش، ساقلاش، كۆچۈرۈش تۈزۈمى، كىتاب تىپلاش تۈزۈمى، سېلىشتۇرۇپ مۇندەرىجە تۈزۈش بەلگىم تۈزۈمى، كىتاب نۇسخىلىرىغا باھا بېرىش - بېكىت-

①②مىرزا ھەيدەر گورگانىنىڭ تارىخىي رەشىدى ئەسىرىدىن

تىمىش تۈزۈمى، كىتاب ساقلاش تۈزۈمى قاتارلىق كۈتۈپخانا خىزمىتىدە بىر يۈرۈش ئىلمىي سىستېما شەكىللەندۈرۈلگەن بۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەمدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىلغان شۇنىڭ ئۈچۈن ھىرات شەھىرىدە قۇرۇلغان كۈتۈپخانىنى ئەينى زاماندا «كىتاب ئىشلەپچىقىرىدىغان جاي» دەپ ئاتىغان ئىدى.

بۇ كۈتۈپخانىنىڭ يېزىش بۆلۈمىدە ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئىقتىدارلىق ئالىم-لىرى، مەشھۇر خەتتاتلار، رەسساملار كىتابلارغا ئالتۇن ھەل بېرىدىغان ئۇستا كىتاب مۇقاۋاچىلىرى توپلانغان.

ئەينى دەۋردە مەخسۇس ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللانغان ئۆلىمالارنى ئورۇنلاش-تۇرغانلىقتىن ئۆز زامانىسىدا نۇرغۇن ئالىم شائىر ئەدىپلەر، يىرىك ئەسەرلەرنى قالدۇرغان.

كۈتۈپخانىدىن خەتتاتلار ئەسەر كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭا خەتتاتلىق تەرەققىي قىلغان.

«چاغاتاي» يېزىقىنىڭ قولىيازما شەكىللىرىنىڭ بىر قانچە خىللىرى «خەتتە-قولىيازما ئەسەرلەرنى چىرايلىق، گۈزەل قىلىپ كۆچۈرۈشتە قوللىنىلغان.

«خەتتەنەستەئلىق» شەكلىنى مىرئەلى تەبرىزى ئىجاد قىلغان بۇكىشى شۇ دەۋردە ئۆتكەن خەتتاتلارنىڭ مەشھۇر ئۇستازى ۋە بۇ پەندە ئالىم ئىدى، مىرئەلى تەبرىزى پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەتتاتلىق ئىلمىدە مەۋلانە جەبەنى «خەتتەنەستەئلىق» شەكلىدە ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق يازالاي-دىغان ئۇستا قىلىپ يېتىشتۈردى.

«خەتتەسولۇس» «خەتتەنۇسوغ» «خەتتەرۇتائى» «خەتتەمۇھەققىق» شەكىللىرىنى يېزىشتا داڭ چىقارغان مەۋلانە ئابدۇللا، بۇ شەكىلدە ئۇستا بولۇپ تونۇلدى. مەۋلانە مۇللا، مەۋلانە ئابدۇللا «چاغاتاي» يېزىقىنىڭ قولىيازما شەكىللىرىدە قوللىنىدىغان بۇ خىل يېزىق خىللىرىنى پۇختا، چىرايلىق، كۆركەم يېزىشتا ھافىز بوتەئەلەۋت كاتىپ سەمەر قەندى، مىرئابدۇللا مەۋلانە ھەزئەرمەۋلانە شەيىخ، ئابدۇللا خارازمى، مەۋلانە مەھمۇت، ھەنەفى قاتارلىق خەتتات ئالىملارنى يېتىشتۈرۈلگەن.

ھىرات شەھىرىدىكى كۈتۈپخانىدا قويۇلىدىغان قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى مەخسۇس خەتتات ئالىملىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ماۋزۇلىرى، ۋە ئىسمى قەيتلىرى، ھەم لەۋھەلىرى شۇ زامانىسىدا

كۆپراق «خەتتەنەستەئلىق» «خەتتەسولوس» «خەتتەنوسىخ» نۇسخىلىرىنى قوللىنىش
بىلەن يەنە باشقا نۇسقىلىرىمۇ قوللىنىپ كەلگەن ئىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھىرات كۇتۇبخانىدا كۆچۈرۈش تۈزۈلى بويىچە قويۇ-
لىدىغان قەدىمكى قولىيازمىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى بىر نەچچە نۇسخە قىلىپ كۆرچۈرۈلگەندىن
كېيىن، تۈزۈلۈم بويىچە مەخسۇس تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىدىكى
مەۋلانە موللاقاتارلىق ئالىملار كۆچۈرۈلگەن نۇسخىنى ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ، نۇسخىغا باھا
بېرىپ تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن كۇتۇبخانىغا قويۇلاتتى. خەتتات ئالىملىرى ياز-
مىغان، ئەسلى نۇسخىغا سېلىشتۇرۇپ نۇسخىغا باھا بېرىلمىگەن كىتاب - قولياز-
مىلار كۇتۇبخانىنىڭ كىتابى ھېسابلانمايتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈش لازىمكى، شۇ دەۋر-
لەردە قەيت خەتتاتلارغا شۇنداق ئىلمى تەلەپ قويۇلغانكى، ئۇسلۇبسىز خەتنى خەت
ھېگداي بولمايدۇ» دېگەن

كۇتۇبخانىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدە مۇزەپپەر مەنسۇر ئۇيغۇلى
قاتارلىقلار مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. ئۇلار بۇ پەندە ئۇستاز ئىدى. ھىرات كۇتۇبخا-
نىسىدا قويۇلىدىغان قولىيازمىلارنىڭ ئىچكى - تاشقى تىتۇل مۇقاۋىلىرىنى نەفىس
رەسىملەر بىلەن بېزەش، كىتاب ئەسەرلىرىنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى سىزىش سەن-
ئىتىدە ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنىڭ نەپىسلىكى، يارقىن رەڭگى چەھەتتىن ھۆسنىلىك،
ھەشەمەتلىك، مۇقاۋىلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسۋىرى سەن-
ئىتىدە ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەن. قەلەمنىڭ سايىلىقى، نازۇكلىقى، رەسىم
چاتمىلارنىڭ ئىنتايىن مەھكەملىكى بىلەن كۆزگۈچىلەرنىڭ كۆزى قاماشتى.
«بۇ ئۇستىلار ناۋايىنىڭ تەربىيە قىلغانلىقىدىن ئىدى»①
شۇ دەۋرلەردە رەسساملىق سەنئەت ئىجادىيەت بىلەن تۈھپە ياراتقانلاردىن
شاھ مۇزەپپەر، بەھزادە، قاسىم ئەلى، مەخسۇت دەرۋىشلارنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ
ئۆتۈش لازىمكى، بۇلار رەسىم ئىجادىيەتلىرىدە خىلمۇ - خىل سىيۇژىتلەرگە ماھىر
بولۇپ بۇلارنىڭ سىزغان رەسىملىرى شاھ ئوردىسىدا ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپلا
قالماستىن خەلق ئاممىسى ئىچىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بولۇپمۇ خەلق
ئاممىسى تەرەپتىن يارىتىلغان مەنزىرىلەرنى مەسچىت، مەدرىس خانىقا تام، ئۆي
قورۇلىشىنى ئىپادىلىگەن تەسۋىرى سەنئەت رەسىملىرىمۇ ئۆز زامانىسىدا يۇقىرى
قىممەتكە ئىگە ئىدى دەپ باھالانغان. بۇ تەسۋىرى سەنئەتنىڭ قىممىتى پەقەت
رەسسامنىڭ ئۇستىلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن گۈزەل ئىشلەنگەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى
رەسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قورۇلۇش سەنئىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى،
ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ھەممىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە تەسىرلىك
قىلىپ بېرىشى بىلەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

---

①مىرزا ھەيدەر گورگان نىڭ «تارىخى رەشىدى» نەسىرىدىن

شۇ دەۋرنىڭ رەسسام سەردارى دەپ ئاتالغان شاھ مۇزەپپەر ئوغلى مەنسۇرنىڭ، شاگىرتى دەرۋىش مۇھەممەدنىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى؛ ئۇ بىر دان گۈرۈچكە بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ نەيزە تاتقان سۈرىتىنى سىزغان. نەيزە ئۇچىدا بىر شىر كۆتەرگەن. بىرىنىڭ بارلىق چوڭلۇقى بىر دانە گۈرۈچ بولۇپ، بۇنىڭغا شۇنچە گۈزەل نەقىشلەرنى سىزدۇرغان. بۇنىڭ بۇ رەسىمى ھەممە تاماشىچىلارنى ھەيران قالدۇرغان. دېمەك بۇ، رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

نەققاشلىق سەنئىتىدە مەشھۇر مەۋلانە مىرەك نەققاشچىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئاجايىپلىرىدىن بىرى بولۇش بىلەن بىھزاتنىڭ شاگىرتى نەققاش ماھىرى ئىدى. ئۇ ساراي نەققاشچىلىرىدىن بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرى ساراي ئوردىسىدا نەققاشلىق سەنئىتى بىلەن ئۆتكەن.

شۇ دەۋرلەردە نەققاشلىقتا يىگانە بولۇپ ئاتالغان ئۇستا بابا ئەلى ھاجىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نەققاشلىق سەنئىتىدە خوراسان بويىچە شۇنداق يىگانە ئىدىكى، بىر مەجلىس (مۇھاكىمە ئورنىدا) ئۆز سەنئىتىنى نامايەن قىلىشتا ئەلىنىڭ يېرىم يۇمۇلاق تارتقان بۇ دائىرىلەرنى پوركا بىلەن كۆرگەندە ھېچ بىرى بىر - بىرىدىن قىل ئۇچى چوڭ - كىچىك ئەمەس بولۇپ چىققان. بۇنىڭ نەققاشلىقتىكى سەنئىتىگە ھەممە ئاپىرىن ئوقۇغان. ئۇ بۇ سەنئىتى بىلەن يۇقىرى باھالانغان.

ھىرات كۇتۇپخانىسىدا قويۇلىدىغان كىتاب - قوليازمىلارنىڭ مۇقاۋىلىرىغا ئىچكى بەتلىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىدىغان ئۇستىلاردىن مەۋلانە مەھمۇت مەۋلانە جونەيد، ھىساممىدىن غەدارەكى، مەۋلانە ۋەلى موللايۇسۇپلار داڭلىق ئالتۇن يالىتىشنىڭ ئۇستىلىرى بولۇپ شاھانە ئەسەر ۋە مەشھۇر كىتابلارغا ئالتۇن يالىتىشنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئىدى.

كىتاب - ئەسەرلەرگە ئالتۇن يالىتىش ئىنتايىن نازۇك ئىش بولۇپ بۇلار بۇنى يېڭىچە ئىشلىتىشتە ماھارەت كۆرسەتكەن.

بۇ پەندە مەۋلانە مەھمۇتنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ئۇ بۇ پەندە ئۇستىكار بولۇپ تونۇلغاندىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۈچۈن بىر دېباجى ئىشلىگەن. ئۇ دېباجىغا 7 يىل ئىشلىگەن بولۇپ شۇنداق يېڭىچە ئىشلىگەنكى، بىر ئورۇنغا 50 يۇپۇرماق سالالىغان نەرسىنى بىر نوخۇت مىقدارى يەرگە سىغدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن بىر قانچە بىلىمنىڭ ئۇستىكارى دەپ تونۇلغان ئىدى.

بۇ دەۋردە ھىرات، خوراساندا مۇزىكىچىلىق (نەغمىچىلەر) ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان ئىدى. بىز بۇ يەردە ھىراتتا مۇزىكا «پىرى»دەپ ئاتالغان ھافىز بەسەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئۇ خۇش ئاۋازلىق ئاتاقلىق مۇزىكانت ھەم پىشقەدەم شائىر ئىدى.

تارىخى رەشىدىدى» كۆرسىتىشىچە: ئۇنىڭ بىر باغچىسى بولۇپ باھار پەسلىدە بۇ باغچىدا مۇزىكا بىلەن شېئىر ئوقۇلغان ئىدى، فاختەك، بۇلبۇل، تومۇچۇققا ئوخشاش قۇشلار چۆرىسىگە توپلىنىپ باش مۇردىلىرىگە قونۇپ ئۇنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش بىلەن قوشۇلۇپ سايرار ئىدى» دېيىلگەن. ئۇ ئۆمرىدە بىر قانچە شاگىرتلەرنى ئۇزۇن يىللىق تەربىيىلەش ئاساسىدا ئۇستا مۇزىكانت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ كەلگەن. مەسىلەن: ھافىزھەسەن ئەلى ئۇنىڭ داڭلىق شاگىرتى بولۇپ ئۇ چالغۇ ماھىرى دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇنىڭ ئاۋازى تولىمۇ زىل. ناخشىلارنى تولۇق ئوقۇيتتى. ئۇ ناخشا ئېيتقاندا ئاۋازى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى.

يەنە شۇ دەۋرنىڭ نامدار مۇزىكانتلىرىدىن ھافىزھاجى ھەم شائىر خوجە ئابدۇللا مەرۋايىتلار، ئاتاقلىق شائىر مۇزىكانت ھىلالى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ قالۇندا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇ قالۇننى شۇنداق ساز قىلادىكى ئۇ بار يەردە باشقىلارنى سازغا رىغبەتلەندۇرمەيتتى. شۇڭا ئۇ قالۇننىڭ ئالىمى، ھەممە چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ باش پېشۋاسى بولۇپ،ھەممەپەزىلەتلىرىبىلەن باشقىلارنى بېسىپچۈشەتتى.

باشقا چالغۇ سازلاردا ئۇستا سەيد ئەخمەت، مەزھەرئۇدى بۇ ئىككىسى ساز چالغۇچىلارنىڭ ئاساسلىقلىرى ئىدى. ئامەھ، قول مەھەممەتمۇ سازەندە نامى بىلەن تونۇلغان.

ئۆتكۈر مۇتەپەككۇر شائىر ئالىم، ناۋايىمۇ مەشھۇرمۇزىكىشۇناس، خوجە يۈسۈپ بورھاندىن غولام مىرغازىلار مۇزىكا ئىلمىدە ئۆتكۈر مۇزىكىچى بولۇش سۈپىتى بىلەن كومپوزىتورلۇق نەزەرىيىسىدە ئەسەر يازاتقان. شۇ دەۋرلەردە چالغۇ سازلىرىدىن تەنبۇر،قالون،ساتار، راۋاپ، سۇناي،داپ،نەي قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان.

قىسقىسى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتان. كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيەتنىڭ گۈلزارى بولۇپ، ئۇ يەنىلا ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مىراسلىرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى يېزىشتا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش رىئال ئەھمىيەتكە ۋە تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە.


AltunOq

# شەيخ سەئدى ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئابلاجان مۇھەممەت

شەيخ سەئدى دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە تونۇش بولغان، ھەر قايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن خەلقئارالىق كىلاسسىك ئەدىپلەرنىڭ بىرى. سەئدى ئىجادىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش — كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامانىدىكى تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپلا قالماستىن بەلكى، بۇ تېما يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈنىۋاتقان سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسلىقتىكى يېڭى تېمىلارنىڭ بىرى. تۆۋەندە مەن سەئدى ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى ۋە ماھىيەتلىك نۇقتىلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقماقچىمەن.

## (1)

سەئدىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇئابدۇللا ئىبنى مۇسلىھىددىن سەئدى بولۇپ، مىلادى 1202 - يىلى ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدە دۇنياغا كېلىپ، 1292 - يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە تەخمىنەن 90 يېشىدا ۋاپات بولغان.

سەئدى ئىجادىيىتى يالغۇز پارس ئەدەبىياتىدىلا زور شۆھرەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى دۇنيا مىقياسىدىمۇ ناھايىتى زور شۆھرەت ۋە ئەدەبىي تەسىرگە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى ئاساسىدىكى مۇسۇلمان ئەللەر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى تېخىمۇ گەۋدىلىك. جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى خېلى زور بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭىچە پەننى مەكتەپلەر ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى «بوستان» «گۈلىستان» داستانلىرى مەدرىسلەردە رەسمىي ئوقۇلىدىغان ئوقۇشلۇق سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بىر مۇنچىلىغان تالانتلىق ئەدىب - شائىرلىرىمىز ئۇنىڭغا قارىتا تەرجىمە ئىشلەش، شەرھى ۋە رىسالىلەر يېزىش ئىشلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىغا كەڭ تونۇشتۇرغان ئىدى. تارىخىي مەلۇماتلار ۋە «گۈلىستان» نىڭ 7 باب 15 ھېكايىتىدىكى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا سەئدى مۇھەممەد خارەزىم شاھنىڭ دىپلوماتىيە ۋە سودا ۋەكىلى سۈپىتىدە قەشقەرگە كەلگەن ئىكەن. ئۇ

قەشقەر جامەسىدە بىر تالىپنىڭ دەرس يادلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، ئۆز شېئىرلىرىدىن بىر - ئىككى كۇپلېت ئوقۇپ بەرگەن. ھېلىقى تالىپ سەئىدىگە ناھايىتى قىزىقىپ: «سىز قەيەرلىك؟ ۋە سەئىدى شېئىرلىرىدىن قايسىلارنى بىلىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن قىزىقارلىق جاۋاب بەرگەن. ئەتىسى ئۇ يىگىت ئۇنىڭ سەئىدى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قايتىماقچى بولۇپ تۇرغان سەئىدىنى ئىززەتلەپ تۇتۇپ قالماقچى بولغان. بۇ ھېكايەتتىكى تالىپنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا سەئىد ئەسەرلىرى شۇ دەۋرلەردىلا ئالىي مەدرىسەلەردە ئوقۇلىدىغان بولغان.

كىلاسسىك ئەدىب - شائىرلىرىمىزدىن لۇتفى، ناۋايىلاردىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ نامايەندىلىرى بولغان ئابدىرېھىم نىزارى، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، تۇردى نازىم غەرىبي، مۇھەممەد سىدىق رەشىدى، ئابدۇللا خاراباتى قاتارلىق تالانتلىق ئەدىبلىرىمىز سەئىدىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇشۇپ، «بوستان» ۋە «گۇلىستان» ئەسەرلىرىنى بابلار بويىچە يادقا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بەدىئىي قۇۋۋەت ئېلىش ئاساسىدا ئۆز ماھارەتلىرىنى ئاشۇرغان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر نامايەندىسى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئىككىنچى ئالتۇن دەۋرىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ھېسابلانغان بۈيۈك شائىر ناۋايىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرى، ۋە ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك رىئالىزملىق روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان «خەمسە» سى ھەم باشقا غەزەللىرى، شائىرە ئامانىسانىڭ «ئەخلاقى جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق) «سىر دىھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) ناملىق ئەسەرلىرى، 18 - ئەسىردە ئاتۇشتا ياشاپ ئۆتكەن ئەخلاقشۇناس ئالىم ۋە ئەدىب مۇھەممەد سىدىق بەرشىدىنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «سەددىقنامە»، 18 - ئەسىردە ئاقسۇدا ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق شائىر ئابدۇللا ئوغلى مۇھەممەد خاراباتىنىڭ «مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرى، 18 - ئەسىردىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە يەكچاندا ئۆتكەن ئاتاغلىق شائىر ۋە مائارىپچى ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرنىڭ «رەۋزەتۇل خۇزرا» (كۆكلەم باغ) ناملىق يىرىك ئەسىرى، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى بولغان ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «ماقالات» ناملىق ئەسىرى قاتارلىق ئەدەب - ئەخلاق مەزمۇنىدىكى تۈرغۇزۇلغان چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى گەرچە ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ۋە شەكلى جەھەتتىن «گۇلىستان» «بوستان» لارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە مەللىي ئالاھىدىلىك ۋە ئەنئەنىۋى روھ بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغان ۋە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە پىكىرنى ئىپادىلەش ئۇسلۇبى جەھەتلەردىن ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان ماھىيەتلىك ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سەئىدى ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي تەسىرى بۈيۈك سۆز سەنئەتكارى ئەلشىر ناۋايىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا كۆرۈلىدۇ. «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دا ئاپتور ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بايان خاراكتېرلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئاندىن لىرىك پارچىلار ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ مۇلاھىزە بايانلاردىن يەكۈن چىقىرىش، ئاخىرىدا ھېكايە (ئېپىك پارچىلار) ئارقىلىق مۇلاھىزىلەرنى دەلىللەپ، ئاندىن يەنە لىرىك پارچىلار ئارقىلىق ھۆكۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاراكتېرىدىكى خۇلاسىلەرنى بېرىش يولى بىلەن ئەسەرنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار ئىپادىلىنىشى ۋە مەسىلىنى شەرھىلەش جەھەتلەردىن «گۈلىستان» ئەسىرىدىكى بەزى ماھىيەتلىك ئامىللار بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «ئىلىم ئېلىپ ئۇنى ئىشلەتمىگەننى قوبۇل قىلمىغانلىق — ئورۇغ چېچىپ ھوسۇل يىغمىغانغا ئوخشاش»، «يەرگە نېمە تېرىساڭ كۈزدە شۇنىڭدىن ھوسۇل ئالىسەن، تىكەن تېرىپ، گۈل شىرنىسى يىغمىغان دېمە ياخشىلىق مەڭگۈلۈك سائادەت، يامانلىق باشقا ئاپەت»، «يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلارغا زىيان ۋە ئەلەم كەلتۈرمەكتۇر»، «دېھقانلار دۇنيانىڭ ماددىي ئوزۇقىنى يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەردۇر، دېھقانلىكى دانەساچار، مېھنەت بىلەن رىزىق يولىنى ئاچار» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مەزمۇنلارنىڭ بولۇشى بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېكىن شۇ نەرسىگىمۇ دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈركى، ناۋائىي بۇ مەشھۇر ئەسىرىدە ئومۇمەن سەئدىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس يول تۇتقان. «مەھبۇبۇل قۇلۇب» نىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا سەئدى ئىجادىيىتىدە يورۇتۇلمىغان نۇرغۇن تېمىلار جەمئىيەت ئەزالىرى ھەققىدىكى باھا - كۆز قاراشلاردا بىر يۈرۈش ئىلغار تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئىپادىلەشتىكى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتلەر ئۇنى سەئدى ئەسەرلىرىدىن تېخىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئىگە قىلغان.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى بولغان ئەدىپ ئۆمەر ھوسەيىن سەبورىنىڭ «ماقالات» ناملىق ئەسىرىدىمۇ سەئدى ئىجادىيىتىدىكى ماھىيەتلىك ئامىللار؟ روشەن ھالدا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

سەئدى ئىجادىيىتى يالغۇز كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بىلەنلا قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇ ئۆز ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەنمۇ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان تالانتلىق شائىر ۋە ئالىم ئابدۇقادىر ئابدۇۋارىس ئوغلى (ئابدۇقادىر داموللام) 1909 - يىلى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» داستانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى بولغان «شەۋقى گۈلىستان» ناملىق كىتابىغا تەقرىز خاراكتېرلىك بىر نەزمى ئەسەر يېزىپ، ئۇنى مۇنداق دەپ يۇقىرى باھا بىلەن تەرىپلىگەن ئىدى:

-ئۇنىڭ ھەر بىر ۋاراقى مائارىپنىڭ (تەلىم تەربىيىسىنىڭ) تولۇن ئېيى بولۇپ، ھەر بىر سۆزىدىن بۇلبۇلنىڭ خۇش ناۋاسى ئاڭلىنىدۇ. ئۇ ئاجايىپ بىر گۈلشەندۇركى تومۇز بولسۇن، كۈز بولسۇن، ياكى قىش بولسۇن دائىما باھاردەك ياشناپ تۇرىدۇ.»

دېموكراتىك ئىنقىلابىي شائىرىمىز ئابدۇللا داموللامنىڭ بۇ ئەسىرىدىكى يۇقىرىقى پاكىتلار بىزنى سەئدى ئەسەرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېرىك ۋەكىللىرى بولغان شائىر - ئەدىپلىرىمىز ئىچىدىكى شۆھرىتى ۋە تەسىرىنى روشەن كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ تۇرۇپتۇ.

(2)

ئەدەبىيات - سەنئەت پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان مەنىۋى بايلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ئارا قوبۇل قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتىن دۆلەت ۋە مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ دۇنياۋى خاراكتېرنى ئالغان

بولىدۇ. ھەر قايسى مىللەت ۋە دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرى ئۆز ئەدە-
بىياتى تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان مەنىۋى
ئېھتىياجى ۋە ئىستىتىك تەلىپىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۆزىدىن باشقا ئەللەرنىڭ
ئەدەبىياتىدىكى ئىلغار نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن
ھالدا ئۆز زېمىنى ۋە ئۆز مۇھىتى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئۆز ئەدەبىياتى ساھەسىدە
يېڭىچە ئەسەرلەرنى يارىتىدۇ، شۇنداقلا يەنە باشقا ئەللەر ئەدەبىياتىدىكى ئىلغار
ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ ئىجاد قىلىنغان بۇ يېڭى ئەسەرلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە
باشقا ئەللەر ئەدەبىياتى زېمىنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە تە-
سىر كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل قوبۇل قىلىش ۋە تەسىر كۆرسىتىش كەڭ دائىرىلىك، بو-
لۇپ، مەلۇم بىر مىللەت دائىرىسىدىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل ھا-
دىسە پەقەت بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ يەنە بىر ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى بولۇپلا
ئىپادىلىنىپ قالماستىن بەلكى، بۇ تەسىر ۋە قوبۇل قىلىشلار ئۆز ئارا ئايلىنىپ
تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. ئەينى دەۋردە ماركس، ئېنگېلسلارمۇ مۇشۇ
نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئىتىدە
بارلىق مىللەتلەرگە ئومۇمىي بولغان مۇئەييەن ئورتاقلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى
كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

شەيخ سەئدى ئىجادىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە
توختالغاندا يالغۇز سەئدىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدىلا مۇلا-
ھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەئدى ئىجادىيىتىگە جۈملىدىن پارس ئە-
دەبىياتىغا بولغان تەسىرىنى كۆرمەستىن ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.

سەئدىنىڭ «بوستان» ۋە «گۈلىستان» دىن ئىبارەت بۇ نادىر ئەسەرلىرىنى
خۇددى بۈيۈك ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ھاياتىنىڭ 50 يىللىق مەز-
گىلىدە يەنى ئەقىل - پاراسەتكە تولغان، تۇرمۇش تەجرىبە ۋە ئەمەلىي بىلىملەردە
كامالەتكە يەتكەن ئىرادىلىك ۋاقىتلىرىدا يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي قا-
راشلىرىنى شەرھىلەش ئارقىلىق ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىگە تەسىر
كۆرسىتىپ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى تەرتىپكە سېلىش، كىشىلەرنى توغرا يولغا باش-
لاش بولۇپمۇ ھۆكۈمرانلارغا ئەلنى ئادىللىق بىلەن باشقۇرۇش، باي - كەمبەغەل
ۋە ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى - تۆۋەنلەرگە قارىتا بەلگىلىك تەلەپ ۋە ئۆلچەم-
لەرنى قويۇش، جەمئىيەتتىكى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل
قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئىلغار مۇددىئالىرىنى چىقىش قىلغان. سەئدىنىڭ بۇ
ئىككى ئەسىرى دىداكتىك داستان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پەندى - نەسىھەت ۋە تەر-
بىيەتلەر يۇقىرىسى پادىشاھلاردىن تارتىپ تۆۋىنىدە كەمبەغەل ئوتۇنچىلار ھەتتا يوق-
سۇل ۋە خۇداگۇي دەرۋىشلەر تائىپىگىچە بولغان ھەر خىل تەبىقە كىشىلىرىنى ئۆز
تېمىسى ئىچىگە ئالغان.

شائىر ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىي قاراشلىرى-
نى، پەلسەپىۋى تەلىماتلىرىنى شەرھىلەش جەريانىدا ھېچقانداق بىر ھۆكۈمران
سىنىپنىڭ سىياسىي تەشەببۇسلىرىنى تەرغىب قىلغان ياكى بىرەر ھۆكۈمران گۇرۇھ-
نىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ئەمەس، ياكى ئەينى دەۋردىكى ئوردا - ساراي
شائىرلىرىغا ئوخشاش ئۆز ئەسىرىنى يېزىپ- بىرەر ھۆكۈمرانىنىڭ ئىشەنچ ۋەھىما-

يىمىگە ئېرىشىش نىيىتىدىمۇ بولمىغان بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ئۆمرىنى سەرسان - سەرگەردانلىق ئىچىدە يۇرت كېزىپ، جاھانكەشتىلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈش جەريانىدا توپلىغان بىلىم ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن ئەلگە بەھىر يەتكۈزۈش مەقسىتىدە يازغان بۇ تۇنجى مەشھۇر ئەسىرى «بوستان» جامائەت ئىچىدە تارقىلىش بىلەن تەڭ شائىرنىڭ شۆھرەتلىك نامى ئەلگە تارقالغان. ئۆز ئىجادىيىتىدە پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئادىللىق بىلەن مەملىكەت باشقۇرۇشنى، پادىشاھلار ئۆزىنى خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمران دەپلا قارىماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى خەلق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىكەن ئەلۋەتتە پادىشاھلارنىڭمۇ خەلقنى توغرا يولغا باشلاش، ئۇلارغا ئادىل، ھەققانىي بولۇش ۋە ئۇلارنى دۈشمەننىڭ زەربىسىدىن خۇددى قويچى قويلارنى بۆرىنىڭ زەربىسىدىن ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئۇلارنى تىنچ پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ، ئەگەر پادىشاھ ئۆزىدىكى بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمايدىكەن، دۆلەتنىڭ مۇھىم تايانچ تۈۋرۈكى بولغان خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. خەلقنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ھاكىمىيەت ھامان گۇمران بولىدۇ دەپ قاراپ خەلق بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى دەرەخكە، خەلقنى بولسا ئۇنىڭ يىلتىزىغا ئوخشىتىپ ئىپادىلىگەن؛ پادىشاھلارنىڭ ئۆزىگە ۋەزىر ياكى يېقىن خىزمەتتە بولىدىغان خادىملارنى ياخشى تاللىشى، كۆپنى بىلىدىغان، ئىشنىڭ يولىنى ئۇقىدىغان ۋە ئېغىر بېسىق كىشىلەرنى تەيىنلەشنىڭ لازىملىقىنى؛ دۆلەت غەزىنىسىنى باشقۇرۇشقا پاك نىيەتلىك، ساداقەتمەن كىشىلەرنى قويۇشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە يەنە دۆلەتنىڭ ئىچكى، تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار ستراتېگىيىلىك ۋە دىپلوماتىك مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئۇ ھۆكۈمرانلارغا دېھقانلارنى ئاسراش ئۇلارغا زۇلۇم قىلماسلىق، دۇنيانىڭ ماددىي ئوزۇقىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگۈچى بۇ ئاددىي مېھنەتكەشلەرنىڭ ھالال مېھنىتىنى قەدىرلەش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە يەنە ھەربىي قوشۇننى باشقۇرۇش ھەققىدە پادىشاھلارغا: ھاكىمىيەتنى تىنچ باشقۇرىمەن دېگەن كىشى ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئەسكەرلەرنى ياخشى بېقىپ، ئۇلارغا كۆپلەپ شەپقەت قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئۇرۇش ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلار باتۇرلۇق كۆرسىتىپ دۈشمەننى يوقىتىدۇ. ئەگەر ھەربىي قوشۇندا پادىشاھقا قارىتا ساداقەتمەن ۋە كۈچلۈك ئىنتىزام بولمايدىكەن ئۇرۇشتا ئەسكەرلەر جان پىدالىق كۆرسەتمەيدۇ. ياكى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ۋە تۇرمۇش غېمى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇرۇشنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. دەپ نەسىھەت قىلسا، ئەسەرنىڭ باشقا بابلىرىدا ئۆز بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، تاشقى دىپلوماتىيىگە ئائىت تاكتىكىلىق مەسىلىلەر ۋە ئۇرۇش قىلىشتىكى ھەربىي نەزەرىيە، ھەربىي ستراتېگىيىلەر ئۈستىدىمۇ ئۆز كۆز قاراش - تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

سەئدىي ئىجادىيىتىدە ئورۇن ئالغان بۇ خىل تەشەببۇس ۋە ستراتېگىيىلىك كۆز قاراشلار «گۈلىستان» «بوستان» داستانلىرى مەيدانغا چىققىشتىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈل تاجىسى بولۇپ دۇنياغا تونۇلغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا مۇھىم ئىدىيىۋى مەزمۇنلار سۈپىتىدە ناھايىتى زور

بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدىكى بۇ خىل ئىجتىمائىي قاراش ۋە ئىلغار تەشەببۇسلارنى بىر پۈتۈن بەدىئىي ئوبرازلار سىستېمىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەشۇ جانلىق ۋە كونكرېتنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. سەئىد بولسا، ئۆز ئىجادىيىتىدىكى بۇ خىل ئىدىيە ۋە تەرەققىيپەرۋەر پىكىر - تەشەببۇسلىرىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش بىر پۈتۈن غايىۋى بەدىئىي ئوبرازلار سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ ئۇنى زور دەرىجىدە ئىدىيىللاشتۇرمىغان بولسىمۇ لېكىن دەۋر روھى ۋە ئەينى زامان رېئاللىقى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنى جانلىق تەدبىقلاش ئاساسىدا تەنقىدىيە - نەسىھەت ۋە ھىكايەتتىن ئىبارەت ئەدەبىي تۈر ئارقىلىق ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول بىلەن ئىپادىلىگەن.

بۇ ئىككى مەشھۇر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق ماھىيەتلىك ئوخشاشلىق ئامىللىرى بىزگە پارس ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئەدىپى ھېساپلانغان شەيخ سەئىدىنىڭ 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە تونۇشلۇقى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى ئەدىپنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي ئۇنۇمى، تارىختا ئوينىغان رولى قاتارلىق مەسىلىلەردە ھەممىسىنىڭ ئۆزىگىچە خاسلىقى بار.

سەئىدى ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن بەزىبىر ئىدىيىۋى قاراشلار ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىدىنمۇ كۆرۈپ ئېلىشقا بولىدۇ. ئاپتور ئەسىرىنىڭ 7 - بۆلۈمىدە مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىدىكى نوپۇزلۇق تېما بولغان پاكلىق ھەققىدە قەلەم سۈرگەندە دۇنيانى كارۋان سارايغا ئوخشىتىدۇ. كارۋان بۇ يەردە ۋاقىتىنچە توختاپ، يەنە يول باسىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ھالاۋەتكە ئېرىشىش ياكى جاپا چېكىشكە ئەرزىمەيدۇ. ياخشىلىق ئۇرۇقىنى سېپىش ئۈچۈن بۇ يەردە ياشىماق كېرەك. بايلىق ۋە كەمبەغەللىك بولسا نىسپىيلىك چۈشەنچىسىدۇر دەپ قارايدۇ. شۇڭا شائىر دۇنيادا ياشىغۇچى ھەممە نەرسىنىڭ ئوخشاش پاك بولۇشى ھەققىدىكى گۇمانىستىك قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىگەن:

ياقاسىز ئېرۇر بۇ ياجۇن لەززەتى،
كېچەر ئەل، كېچەر تىل مەززە مۇددىتى.
يىگىت قوچا بولۇر يېگى ئەسكىرۇر
قاۋۇل ئېردىسە قامۇلار قاچار قۇۋۋىتى
قامۇغ تولغان ئاسلۇر توكەل ئەكسىلۇر
قامۇغ ئاباداننىڭ خاراب ئول سوڭى،
نەچە يەر بار ئىردى سىغىشماس ئەردى.
ئەرى باردى قالدى قۇرۇغ تىڭ يېرى
نىچە دانا ئېردى نىچە پەيلاسوف
قانى بۇ كۈن ئانلار مېنىڭدەك بارى.

„ئەتەبەتۇل ھەقايىق" ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەزمۇنلار ئاپتورنىڭ زامانغا نارازى بولۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار تەنقىدىي رېئالىزملىق خاھىشىغا ئىگە بولغان ئىلغار پىكىر - تەشەببۇسلىرى سەئىدى ئىجادىيىتىگە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان، بۇ خىل

ئوخشاشلىق ۋە تەسىرنى تېخىمۇ تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن سەئدىي ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى ۋە ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(3)

سەئدىي 13 - ئەسىر مۇھىتىدا ياشىدى ۋە شۇ دەۋردە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. 13 - ئەسىر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلىك تارىخىي باسقۇچىغا تەۋە بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بۇ باسقۇچى ئۆزىگە خاس ھەۋر خۇسۇسىيىتىگە ۋە ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئىنسانىيەت ئۆز ھاياتى مۇساپىسىنىڭ بۇ مەزگىلىگە كەلگەندە پەلسەپە جەھەتتىن دۇنيانى بىلىش ۋە تەبىئەتكە قارىتا تونۇش مەسىلىسىدە زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدىكى بۇ خىل ئىلگىرىلەشلەر ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان ئىلىم - پەن، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ مەۋجۇد بولۇشى بىلەن رېئاللىق ھاياتتا ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك، ئىنساپ بىلەن نەپسانىيەتچىلىك، بىلىملىك بىلەن بىلىمسىزلىك، يورۇقلۇق بىلەن جاھالەت، ئىلغارلىق بىلەن قاششاقلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - كۈرەشلەر كەسكىن بولدى. مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي زىددىيەتنى چۈشىنىپ يەتكەن ئەدىپ - شائىرلار «دەۋرنىڭ سەزگۈ ئەزاسى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتنى مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىش مەقسىتىدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مىزانلارنى شەرھىلەيدىغان؛ شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى يامانلىقتىن توساپ توغرىلىق ۋە ياخشىلىققا باشلايدىغان نۇرغۇن دىداكتىك ئەسەرلەرنى يېزىشتى. بۇ ئەسەرلەر ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىغا قارىتا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پارىس زېمىنىنى ھەر قايسى فېئودال گۇرۇھلارنىڭ جېدەل - ماجرالىرى ۋە چەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن بالايى - ئاپەت قاپلىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى قىيىنلاشقان. شۇڭا شائىر بۇ خىل ئادالەتسىز زامانغا نارازى بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبكارى بولغان زالىم ھۆكۈمرانلاردىن يىرگەنگەن ھەمدە خەلقنىڭ تىنچلىق ۋە ئادالەتكە بولغان ئارزۇ - ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەپ، زالىم ھۆكۈمرانلارغا قارىتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئاياق - ئاستى قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇڭ - زارىدىن كەلگەن ھەققەتنىڭ ئادىل جازاسىغا ئۇچراشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇردى.

سەئدىينىڭ قارىشىچە ھايات - بارلىق بىلەن يوقلۇقتىن ئىبارەت بىر خىل ھادىسە ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق نەرسىدىن ئىبارەت. ئىنساننىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى خۇددى سەپەر ئۈستىدىكى (ئەشۇ قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىلكىدىكى) يولۇچىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئىنسان مۇشۇ سەپىرى جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن يولىغا ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشى كېرەك. دۇنيادا ھەممە نەرسە يوقالسىمۇ لېكىن پەقەت ياخشى ئىش بىلەن قالدۇرۇلغان ئىزلا مەڭگۈ يوقالمايدۇ دېگەن تونۇشتا بولغان. ئۇ

بايلار بىلەن كەمبەغەللەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە زىددىيەتنى پەسەيتىشتە مۇرەس-
سە يولىنى تۇتۇپ، باي - كەمبەغەللىك خۇددى ئىنساننىڭ كىچىكلىكتىن چوڭقىيىشى،
كۈچكە تولۇشتىن تەدرىجى ئاجىزلىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئوخشاش ئىش،
ئۇنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن، مەرتىۋىلىك - مەرتىۋىسىز بولۇشىمۇ بىر خىل ۋاقىتلىق
ھادىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا شائىر بايلىق توپلاش ھاياتنىڭ مەقسىتى ئەمەس پە-
قەت ئۆمۈرنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشتىكى بىر خىل ۋاستە دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى سۈپىتىدە جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشىلەرنى، ھۆكۈم-
رانلار بىلەن ئاددىي خەلقنى، ھەتتا پادىشاھ بىلەن گاداي-دەرۋىشلەرنى ئىنسانىي ماھى-
يەت جەھەتتىن ئوخشاش دەپ قاراپ، ئىنسانىي باراۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.
بۇ خىل قاراش ۋە ئىدىيىۋى تەشەببۇسلار ئارقىلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقى-
دىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي زىددىيەتلەرنى تۈپتىن ھەل قىلىپ كەت-
كىلى بولمىسىمۇ لېكىن ئۇ ئەينى دەۋردىكى سوپى زاھىتلارنىڭ كىشىلەرنى ئۇ دۇنيا-
دىكى راھەتكە باشلايدىغان خۇراپىي ۋە ئىدىيالىستىك تەرغىباتلىرىغا ئوخشىمايدىغان
يېڭىچە ئىلغارلىق يولىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەينى دەۋر مۇھىتىغا نىسبەتەن
ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىككە ئىگە ئىدى.

سەئدى ئىجادىيىتى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى
ئۈستىدىمۇ ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سەئدى ئۆز زامانىغا نىسبەتەن ئىل-
غار پىكىرلىك تەرەققىيپەرۋەر شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانى تونۇش ۋە
ئۇنىڭغا قاراتا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىلىرىدە دەۋر چەكلىمىسىدىن ھال-
قىپ ئۆتۈپ، ئوبيېكتىپ دۇنياغا قاراتا رېئاللىقنى چىقىش قىلغان ئاساستا مۇئا-
مىلە قىلغان. ئۇ رېئاللىقنى دۇنيانى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ۋە ماددىي ھادىسىلەرنىڭ
قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىغان، مۇھىمى قارىمۇ - قارشىلىق-
لارنىڭ بىرلىكى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ئاساسىي قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى
تونۇپ يەتكەن: „ئەگەر قوساق ئالدىراتمىسا، ھېچبىر قۇش تۇزاققا چۈشمەس ئىدى.
شۇنداقلا ئوۋچىنىڭ ئۆزىمۇ تۇزاق قۇرماس ئىدى“. دېگەن ھېكمەتلىك جۈملە بۇنىڭ
دەلىلى. بۇنىڭدىن باشقا شائىر دۇنيا قاراش جەھەتتىن يەنە زامان ۋە ماكاننىڭ
شەيئىلەر تەرەققىياتى جەريانىدىكى رولىنىمۇ زور ئېتىبار بىلەن قاراپ، ھەر قان-
داق بىر شەيئىنىڭ بەلگىلىك شەرت - شارائىت ئاستىدىلا ئاندىن ئۆز رولىنى
جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلسەپىۋى تەلىماتىنى ئۆز ئىجادىيىتى
جەريانىدا بەدىئىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇ جۈملىدىن «بوستان» داس-
تانىدا تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماتېرىيالىستىك ئاساستا توغرا بىر-
تەرەپ قىلغان. ئاپتور بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ھېكايەتلىرىدىمۇ ئىنساننىڭ
تەبىئەت بىلەن بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېستېتىك مۇناسىۋىتى ئىنساننىڭ
تەبىئەت گۈزەللىكىنى سۆيۈش مەنىۋى گۈزەللىكتىن ئېستېتىك زوق ئېلىش، شۇ
ئاساستا دۇنيانى چۈشىنىش ۋە گۈزەللىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش؛ ئىنسان ۋۇجۇدىغا
تەبىئىي ھالدا بىخ سۈرۈپ چىققان ئىنسانىي ئىشق-مۇھەببەت ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچى قاتار-
لىق مەسىلىلەردىمۇ بىر قەدەر ئىلغار پىكىر ۋە ماتېرىيالىستىك كۆز قاراشلارنى ئىپادىلىگەن.

سەئدىي دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىگە باھا بەرگەندە شۇ نەرسىگە ئالاھىدە
دىققەت قىلىشىمىز زۆرۈركى، ئۇنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيىتىدە يۇقىرىقىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلغار كۆز قاراش ۋە تەشەببۇسلارنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن بىر قاتاردا يەنە دەۋر چەكلىمىلىكى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزىبىر پاسسىپ كۆز قاراش ۋە ئىدىيىلەرمۇ ئورۇن ئالغان. بۇلار ئاساسلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار ھۆكۈمەرانلارغا سۆزسىز ئىتائەت قىلىشى كېرەك، پادىشاھلارنىڭ ۋەزىر - مەسلىھەتچىلىرى ھەق - ناھەق مەسىلىسىدە پادىشاھنىڭ ئاغزىغا قاراش دەپ قارىسا؛ ئەخلاقى تەربىيە ۋە يامان ئىشلارنى تۇسۇش مەسىلىسىدە يامانىنىڭ بالىسى ھامان يامان بولىدۇ. بۇنداق يامان كىشىلەرنى تەربىيە ئارقىلىقمۇ ياخشىلىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دېگەندەك ناتۇرالىستىك پاسسىپ تەشەببۇسلارنىمۇ ئىپادىلەپ قالغان. كىمكى دۇنيانىڭ تەربىيىسى بىلەن توغرا يولغا ماڭمىسا، ئاخىرەتتە ئازاپقا قالىدۇ. بۇ دۇنيادىمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تېتىتىپ قويۇش كېرەك. ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش بۇنىڭ بىر جەزالىسىدىندۇر، مانا بۇ سەئدىنىڭ قىسمەن ھېكايەتلىرىدە يامان كىشىلەرگە قارىتا قوللىنىشنى لايىق كۆرگەن ئىدىيىۋى قارىشى بولۇپ، سەئدى ئىجادىيىتىدىكى بۇنداق قىسمەن پاسسىپ تەرەپلەرگە قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق تەھلىل ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭغا تەنقىدىي مۇئامىلىدە ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك ئەلۋەتتە.

(4)

سەئدى ئىجادىيىتى بەدىئىيلىك جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يالغۇز ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىنلا چوڭقۇر رىئالىنى ئاساسقا، كۈچلۈك ماتېرىيال مەنبەسىنى ۋە تۇرمۇش ئاساسىغا ئىگە ھەم بەدىئىي چىنلىقى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپلا قالماستىن بەلكى بەدىئىي شەكىل جەھەتتىنمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. «بوستان» «گۈلىستان» ئەسەرلىرىدىكى كۆپلىگەن ھېكايەتلەر سيوژىتىنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ۋەقەلەرنى بايان قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە خەلق رىۋايەت، چۆچەكلىرىگە خاس بولغان بەدىئىي ئىپادىلەش ئامىللىرى ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان.

سەئدى ھېكايەتلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى يۇمۇر، لەتىپە، قىزىقچىلىق ۋە مەسەللەرگە ئوخشاپ كەتكەچكە ئۇلارنى خاراكتېر ۋە شەكىل تۈزۈلۈشى جەھەتتىن شۇ خىل ئەدەبىي تۈرنىڭ ئۆزى دەپ قاراشقا بولىدۇ. «گۈلىستان» داستانىنىڭ 7 - بابىدىكى بىر ھېكايەت مۇنداق: «مەن بىر باينىڭ بالىسىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ ئاتىسىنىڭ قەۋرىسى بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى بىلەن مۇنازىرىگە چۈشكەن ئىدى: ئاتامنىڭ قەۋرىسى تاشتىن ياسالغان، ئۈستىگە چىرايلىق خەتلەر نەقىش قىلىنغان، مەرمەر تاش ۋە پىروزىنىت خىش ياتقۇزۇلغان؛ بۇ قەۋرە سېنىڭ ئاتاڭنىڭ گۆرىگە قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ سېنىڭ ئاتاڭنىڭ گۆرىگە بىر - ئىككى كېسەك قويۇلۇپ، ئۈستىگە توپا تاشلانغان خالاس؛ كەمبەغەلنىڭ ئوغلى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: بوپتۇ ئاتاڭ ئېغىر تاشلار ئاستىدا ئىنجىقلاپ تۇرسۇن، ئاڭغىچە مېنىڭ ئاتام جەننەتكە كىرىپ بولىدۇ.» يۇقىرىقى ھېكايەتنى بەدىئىي شەكىل ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى كەڭ تارقالغان نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ھەقىقەتەن قىيىن. لېكىن

ئۈستىگە ئازراق يۈك ئارتىلسا ئېشەك
يەڭگىل ۋە ئازادە ماڭىدۇ بېشەك

دېگەن ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن نەزمىي خۇلاسە ئۇنى لەتىپە ياكى يۇمۇرلاردىن ئايرىپ ھېكايەت تۈسىگە ئىگە قىلىپ تۇرۇپتۇ.

سەئىدى ھېكايەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە ۋە پىكىر مۇلاھىزىلىرى ئۆتكۈر بولغان لىرىك شېئىرلار ئارقىلىق ئىدىيىۋى خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

بىر پارچە گۆش ئىدىڭ ئانا باغرىدا،
رىسقىڭ بىلەن تۆرەلگەندە سەن تېخى.
كۆزۈڭ ئېچىپ كېسىلگەندە كىندىكىڭ،
ئوزۇق بولدى ساڭا ئانا كۆكرىكى.
جەننەت بولدى ساڭا ئانا قۇچىقى،
ئۇنىڭ ئىللىق كۆكرىكىگە يېتىشتىڭ.
ئانا سۈتى ئاقتى ساڭا بۇلاقتەك،
ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلاردىن سۇ ئىچتىڭ.
مىسالى دەرەخ ئانا جىسمى جان كۆيەر.
بالا مېۋە ئاڭا تاتلىق ھەممىدىن.
سەن تومۇر يوق دەپ ئېيتمىغىن كۆڭۈلدە،
ئانا سۈتى ئېقىپ كېلەر تومۇردىن.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدىكى لىرىك پارچىلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ خىل شېئىرلار ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنى بىۋاستە ھالدا لىرىك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئەسەرنى دىداكتىكا تۈردىكى ئەسەرلەرلا ئەمەس بەلكى بەدىئىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان ئەدەبىي ئەسەر تۈسىگە كىرگۈزگەن.

سەئىدى ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئۇنىڭ ئىلمىي ھېكمەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت. «ئىككى خىل كىشىنىڭ جاپا تارتقىنى بىكار، تىرىشقىنى پايدىسىز، بىرى مال يىغدى يېمىدى، يەنە بىرى ئۆگەندى ئەمەل قىلمىدى». «پەرھىز قىلمايدىغان ئالىم ـ مەشئەل كۆتىرىۋالغان قارىغۇ، ئۇ باشقىلارغا يول كۆرسىتەلەيدۇ. ئەمما ئۆزى توغرا يولدا ماڭالمايدۇ». «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىپ، ئەمەل قىلمىسا، يەرنى ھەيدەپ قويۇپ، ئۇرۇغ چاشمىغانغا ئوخشاش». «ئىرادىسىز ئوقۇغۇچى پۇلى يوق ئاشىققا ئوخشاش».

شائىر بۇ بىر قاتار تەربىيەتلىرىدە چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولغان بەدىئىي پىكىر ۋە كۈچلۈك ئىلمىي ھەقىقەتنى ئوبرازلىق ئوخشىتىش، بەدىئىي سۈپەتلەش قاتارلىق ھەر خىل بەدىئىي ئىستىلىستىك ۋاسىتىلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. سەئىدى ئىجادىيىتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مول بەدىئىي ئوزۇق ئالغان. ئۇ يالغۇز ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە پەلسەپىۋى قاراشلار جەھەتتىنلا ئەمەس بەلكى بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە جانلىق تەدبىقلاش ئاساسىدا، مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىدىكى پەندى ـ نەسىھەتنى ئاساس قىلىپ كەڭ تارقالغان بۇ ئەنئەنىۋى بەدىئىي ژانىر — ھېكايەتچىلىكنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتەرگەن. ھېكايەتچىلىكنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇنىڭدا ھەم نەزم ھەم نەسىر شەكلىنى تەڭ قوللىنىش بىلەن بىرگە ئەسەردىكى ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئىپادىلەشتە ئاپتور ھەم ئېپىك ئامىللار ئارقىلىق ئەسىرىنى جانلىق ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە قىلسا ھەم


AltunOq

www.uyghurkitap.com

ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى بىۋاستە شېئىرىي يەكۈن ئارقىلىق لىرىك ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

سەئدى ھېكايەتلىرىدە ئاپتورنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە ھەر بىر ھېكايەتتە بىر ياكى بىر قانچە كۇبلېت شېئىرىي پارچە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك يېقىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ روبائىي دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بەدىئىي خۇلاسە دېيىشكە بولىدۇ.

سەئدى ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردىن بۇنداق يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولالىشىنى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەشھۇر كىلاسسىكلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شائىر ئۆز ئىجادىيىتىدە مۇقەددەس كىتاب «قۇرئان» دىن بەزىبىر سۈرە ـ ئايەتلەر ۋە ھەر خىل دىنىي قىسسە ـ رىۋايەتلەردىن ئىجادىي پايدىلىنىشتىن سىرت يەنە قەدىمكى ھىندىلارنىڭ «كەلىلە ـ دەمنە»ئەسىرىدىن ئىجادىي ئۆرنەك ئالغان. سەئدىنىڭ پارس كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا «گۈلىستان» چىمەنزارلىقىنى بەرپا قىلالىشىدىكى يەنە بىر تۈرتكىلىك ئامىلىنى 10 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئىران شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ دۇنياغا داڭلىق «شاھنامە» ئەسىرىنىڭ بەدىئىي تەسىرىدىن؛ شۇنداقلا يەنە 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئىككىنچى شاھنامە» دەپ ئاتالغان «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدىن بەدىئىي ئوزۇق ئالغانلىقىدىن ئىبارەت ئەمەلىي پاكىتتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يېڭى نەرسىلەر ۋە ئىلغار ئامىللارنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىرلىكتە بېيىپ ماڭىدۇ، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى. ھېكايەتچىلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر خىل ئەنئەنىۋى بەدىئىي شەكىل بولۇپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بۇ خىل ئەدەبىي ژانىر ئارقىلىق خېلى كۆپ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يېزىلىپ چىققان ئىدى: ئەمما بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھېكايەتچىلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى بەدىئىي شەكىلگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى ئىلغار ئامىللارنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىز سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىپ، ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىز تۇپرىقىدا «بوستان» «گۈلىستان» لارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە بولامدۇ ـ يوق؟ ياكى ئۇ نوقۇل ھالدىكى ۋاقتى ئۆتكەن كونا نەرسىمۇ؟

«قەدىمقىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، چەت ئەلنىڭكىنى ئۆز ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش» شۇ ئارقىلىق يېڭى مەزمۇن ۋە يېڭى شەكىللەرنى ئىجاد قىلىش — بىزنىڭ بۈگۈنكى زامان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىكى مۇھىم پىرىنسىپ ۋە ئۇسۇللارنىڭ بىرى. شۇڭا بۇ مەسىلىدە كەڭ كەسىپداشلار بولۇپمۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# ئەدەبىي تىلنىڭ تارىختىكى رولى

ئەركىن ئابدۇرەھىم

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمى شەرقىي تۈرك تارمىقىغا كىرىدىغان تىل بولۇپ، ئۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا، ئالتاي دەۋرى، ھۇن دەۋرى قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى، ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللىرى دەۋرى، ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋە يېڭى تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەرنى باشتىن كۆچۈردى.

تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدىكى ئەڭ قەدىمكى دەۋر-ئالتاي دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خېلى كۆپ تىلشۇناسلار ئالتاي دەۋرىدە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۆلۈنۈپ چىققان تۈركلەر، موڭغۇللار، تۇنگۇسلار ھەم مانجۇلار ئۇ چاغدا تېخى ئايرىلىپ بولمىغان ئىدى، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلدى. لېكىن ئىنچىكە تەتقىقاتلار يەنە ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ ئالتاي دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ھۇن دەۋرى، تۈركىي تىللار جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدىكى ئالتاي دەۋرىدىن قالسا، ئەڭ قەدىمىي دەۋردۇر.

«ھۇنلار مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 5 - ئەسىرلىرىگىچە (ئىككى مىڭ يىل) بولغان ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىلدە، ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخىي سەھنىسىدە ئىنسانىيەت ئەۋلادىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان چوڭقۇر تەسىرلىك مۇساپىلارنى بېسىپ ئۆتكەن. مىلاددىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى چاغدىن باشلاپ ناھايىتى قۇدرەتلىك بىر كۈچ سۈپىتىدە دۇنيا تارىخىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققان. شۇندىن باشلاپ تارىختا 500 يىل ھۆكۈم سۈرگەن، ئۇلۇغ ھۇن ئىمپېرىيىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 207-يىلىدىن مىلادىنىڭ 216-يىلىغىچە) 170 يىل ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي ھۇن ئىمپېرىيىسى (مىلادى 46-216 يىللار)، 95 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياۋروپا ھۇن ئىمپېرىيىسى (375 - 469) قاتارلىق ئۇلۇغ ئۈچ ئىمپېرىيىنى قۇرۇپ، ئاسىيا ۋە ياۋروپا خەلقلىرى تارىخىدا ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىن ئاجايىپ خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.»① بۈيۈك ھۇن ئىمپېرىيىسىنى ھۇن خەلقى قۇرغان بولۇپ، بۇ ئىمپېرىيىگە ئۇيغۇنلاشقان قەبىلىلەر — خەلقلەر قارايىتى، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ھۇنلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تىلى ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى، ئورخۇن يەنسەي يېزىقىنى ئىشلەتكەنلىكىنى، ھەتتا ھەربىي خەرىتىسىنىڭمۇ بولغان-

www.uyghurkitap.com

لىقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن: مىلادى 1 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى غەرب تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئورخۇن ۋادىلىرىدا قېپ قالغانلار ئاساسەن شەرقىي ئۇيغۇرلاردىن بولغان. «مانا شۇ شەرقىي ئۇيغۇرلارنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخچىلىرى ‹ تۇرالار › ۋە ‹ ئېگىز ھارۋىلىقلار › دەپ يېزىشقان. تارىخچى ۋېيشۇ (مىلادى 6 - ئەسىردە ياشىغان) مۇنداق دەپ يازغانىدى: «ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تىلى ھۇنلارنىڭ تىلىغا ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە ئازدراق پەرق بار ئىدى › ; بۇ يەردىكى ‹ ئازدراق پەرق › مەھەللىۋى سۆزلەرنى كۆرسەتسە كېرەك.»② «تارىختا ئېگىز ‹ ھارۋىلىقلار › دەپ ئاتالغانلار قەدىمقى چاغدىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ (بايكۆل، ئورخۇن، تۇغلا دەريالىرىنىڭ بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار) دەل ئۆزى ئىدى. قەدىمكى چاغلاردا شەرقىي ئۇيغۇرلار مۇڭغۇلىيىنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيە شارائىتىنى (يايلاق، چۆل، قۇم) ھېسابقا ئېلىپ، ئۆز ھاياتىدا ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلەتكەن.» ③ «جاڭ چيەن ھۇنلار قولىدا 10 يىل ئەسىر بولۇپ تۇرغان چېغىدا، ھۇن تىلىنى ئۆگىنىۋالغان ۋە ئۆز خاتىرىلىرىدە بىر مۇنچە ھۇن سۆزلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. مۇشۇ سۆزلەردىن ۋە ھۇنلارنىڭ ئادەم، مەنسەپ، قورال، يەر ئىسىملىرىدىن قارىغاندا، ھۇن تىلىنىڭ تۈركىي تىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق.»⑤ ياۋروپالىق خېلى كۆپ ئالىملار پاكىتلار ئارقىلىق «... ھۇنلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.»⑥ مىلادى 48 -يىلى ھۇنلار پارچىلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، تۈركىي تىللارمۇ — ئوغۇز تىللىرىمۇ غەربىي ۋە شەرقىي تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. سوۋېت ئىنتىپاقى تۈركولوگى ن. ئا. باسكاكوۋ «تۈركىي تىللار» دېگەن ئەسىرىدە «... ئالدىنقى دەۋرىدە، يەنى ھۇن دەۋرىدە بۇ تىللار تېخى رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتمىگەن ئىدى ۋە بىر پۈتۈن ئوغۇز — قارلۇق — قىپچاق تۈركۈمىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ تۈركۈم كېيىنچە، بىر تەرەپتىن، قارلۇق (ئۇيغۇر) تۈركۈمىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇز — قىپچاق تۈركۈمىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاخىرقىسى بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلگە بارغاندا، ئوغۇز ۋە قىپچاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى» دەيدۇ. ۋە يەنە ئۇ «ھۇن دەۋرىدە بارلىق تۈركىي تىللار بىر — بىرىگە يېقىن بولغان تىللارنىڭ بىر نەچچە گۇرۇپپىلىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلىك، بۇ تىللار ئاساسىي جەھەتتىن گۇرۇپپىلار بويىچە پەرقلىنەتتى، ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ تەركىبىي قىسمىدىكى پەرقلەر ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى ...... بارلىق تۈركىي تىللار ھۇن ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي ھۇنلارغا بۆلۈنگەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھالدا غەربىي ۋە شەرقىي تارماقلارنى ھاسىل قىلدى.»⑦ دەپ يازىدۇ. شۇنداقلا يەنە باسكاكوۋ شۇ ئەسىرىدە تۈركىي تىللار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان سىخېمىدا، ھۇن دەۋرىدىكى (ھۇنلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەن چاغدىكى) تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن تارمىقىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بارلىقىنى (شەرقىي ھۇن: ئۇيغۇر - ئوغۇز؛ غەربىي ھۇن: ئوغۇز — قارلۇق (ئۇيغۇر — قىپچاق)نى كۆرسىتىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن ھۇنلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۇنلار ئىتتىپاقىدا تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك گەۋدىسى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، خۇلاسە شۇكى، ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئۇيغۇرلار، ئۇلارنىڭ تىلى ئۇيغۇر تىلى ئىكەن، شۇنچە بۈيۈك ئىمپېرىيىنى قۇرغان، ئۆز زامانىسىدا شۇنچە ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۇن ئىتتىپاقىدا قانچىلىك تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

تۈركىي تىللار جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات تارىخىدا ھۇن دەۋرىدىن كېيىنكى دەۋر قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋر 5 - ئەسىردىن 10- ئەسىرگىچە (بەزى ئالىملار 13 - ئەسىرگىچە دەپ قارايدۇ) بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرى تىلى ھەم ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى[9] دەۋرى تىلى مۇشۇ دەۋر ئىچىدىدۇر.

ھۇن ئىمپېرىيىسى يوقالغاندىن كېيىن، ئاۋال كۆك تۈرك خانلىقى، كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىككى خانلىقنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يەنىلا ئۇيغۇرلار ئىدى (كېيىنكىسىنىڭ تېخىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە)، ئۇ خانلىقلار ئىلگىرى — ئاخىر بولۇپ، تەخمىنەن 300 يىل ھۆكۈم سۈردى. بۇ دەۋردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تىلىمۇ خېلى ئوبدان تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇر تىلى خانلىقىدا تەۋە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرگىمۇ ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇرلار ئۇ چاغلاردا تۈرك — رونىك يېزىقىنى، يەنى ئورخۇن يېنىسەي يېزىقىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇ يېزىق ھەم شۇ چاغدىكى ئەدەبىي تىل بىلەن «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (712 — 716 — يىللار)، «كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (732 — يىلى)، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (735 — يىلى) ۋە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» (759 — يىلى) قاتارلىق يادىكارلىقلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى، سۆزلىرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى، جۈملە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ خېلى دەرىجىدە مۇكەممەللىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن شۇ دەۋردىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن تىل-يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىللە يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تەرەققىياتىدىمۇ ئىجابىي رول ئوينىغانلىقىدىنمۇ بېشارەت بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى تارىخىدىكى قەدىمكى تۈرك — ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن كېيىن يېتىپ كەلگەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ھەم قارا خانىي يەنى خاقانىيە تىلى دەۋرى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن مەدەنىيەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن تىللىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر - ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللار دەۋرىنىڭ ئالدىنقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچىغا كىرىدۇ.

مىلادى 840 - يىلى سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەريا ۋادىلىرىدا يۈز يىللاپ ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى ماجرالار ۋە قېرىنداش قەبىلىلەر-

ئىلىك ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جايلاردا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۆز تېرىتورىيىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىغا كۆچۈپ بېرىپ، بۇ جايلاردا ئەزەلدىن بار بولغان ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىلار خانلىقىنى قۇردى. «بۇ خانلىقلار ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىغا كىرگەن ئىچكى توققۇز قەبىلە (ياغلاقار، ئوتۇرقار، تۆرلەمۇر، بۇقاسقىر، ئاۋۇچاگ، قارسار، قوغۇرسۇۋ، يابۇقتار، ئاياۋۇز) ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە (ئۇيغۇر، ئوپۇغۇر، غۇن، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، قىپچاق، باسمىل، قارلۇق) نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى كۆك تۈرك خانلىقى تەركىبىگە (جۈملىدىن ھۇنلار تەركىبىگە) كىرگەن باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىدارىسىدا تۇتقان. ئەنە شۇ خانلىقلار دەۋرىدە، ئۇزاق ۋاقىت (6 - 7 يۈز يىل) بىللە ياشاش داۋامىدا، بۇرۇنقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە باشقا تۈرك قەبىلىلىرىمۇ ئارىلىشىپ سىڭىپ كەتكەن، نەتىجىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەممە تۈرك قەبىلىلىرى چۈشىنىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغان ۋە 7- ئەسىردىن 19 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان.»⑪ بۇ ئەھۋال ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.

مەلۇمكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان تۇرپان (قەدىمكى ئىدىقۇت شەھىرى) بىلەن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەر مىلادىدىن ئىلگىرىدىن تارتىپلا دۇنيا بويىچە مەشھۇر بولغان شەرق بىلەن غەربنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ئۇزۇن لىنىيىسى بولغان يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن ئىدى. مانا مۇشۇ ئەۋزەللىك ئىككى خانلىقنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن گۈللىنىشىدە مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار دۇنياۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشتە، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تارقىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ خانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى تېخىمۇ يۈكسىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، ئىگىلىكى تېخىمۇ گۈللەندى.

ئىككى خانلىقنىڭ ئەنە شۇنداق گۈللەنگەن دەۋرىدە، ئۇيغۇر تىلى ھەر ئىككى خانلىقنىڭ ئىچكى ــ تاشقى مۇئامىلە ئىشلىرىدا، ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە بىردىن ــ بىر ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇددا دىنى ئەسلىدە مىلادىنىڭ 1- ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستاندىن خوتەنگىلا ئۆتكەندىن كېيىن قاراخانىلار ۋە ئىدىقۇت خانلىقى زېمىنلىرىغا تارقالغان ۋە ئومۇملاشقان ئىدى. ئۇ يەردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشقا باشلىغان ئىدى. «ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنىڭ مۇرتلىرى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى بۇددا دىنىنىڭ تەرغىباتچىسىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى.»⑫ شۇڭا ئۇلار سانسكرىت، تىبەت، توخار قاتارلىق تىللاردىن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. مەسىلەن: «ئالتۇن يارۇق» «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»، شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان)، «دا-

مەيترى سىمىت» (بۇ ئەسەر ئالدى بىلەن سانسكرىت تىلىدىن توخرى تىلىغا، ئاندىن توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان) قاتارلىقلار. ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ھەرخىل ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. «بۇلارنىڭ بىرلەن بىر ئەدەبىي ئېقىم مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىمۇ يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى.»⑬ 10 — ئەسىردىكى جۇڭگولۇق مەشھۇر سەيياھ ۋاڭ يەندى قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا بالىلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن پادىشاھلىقتىن تەيىنلىنىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ بارلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىر — قوشاق يېزىشقا ھەۋەسكار ئىكەنلىكى، ئۆز يېزىقلىرىنى ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىشقا ئىشلەتكىنىدەك كۈندىلىك ھاجەتلىرىگىمۇ ئىشلىتىدىغانلىقى، راھىبلارنىڭ قوللىرىدا ئۇيغۇرچە يېزىلغان كىتابلارنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكى قاتارلىق مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان، مانا بۇلاردىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا يۈكسەك تەرەققىي تاپقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىللە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭمۇ قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ھەم قانداق مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرمۇ ئوخشاشلا ئەۋزەل شارائىت ئاستىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە گۈللىنىش، روناق تېپىش باسقۇچىغا كىردى. بۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىي تىلمۇ كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇنداق باسقۇچتا، قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. شۇ ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە بۇددىزم ئاساسىدىكى مىللىي مائارىپ ئورنىنى ئەرەب — ئىسلام مائارىپى ئاساسىدىكى مائارىپ ئىگىلىدى. يېزىق جەھەتتە قاراخانىيلا ئۇيغۇرلىرى ئاستا-ئاستا ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ كەتتى، شۇندىن كېيىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر «ئەرەب — ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشۇش، ئەرەبلەردە توپلانغان دۇنياۋى ئىلىم — پەن جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.»⑭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئانا يېزىقىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئانا تىلىنى يوقاتمىدى. بەلكى ئۇنى پۈتۈن قاراخانىيلار دۆلىتى تەۋەسىدە بىردىن — بىر ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللاندى. جۈملىدىن قەشقەر تىلىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر تىلى «خاقانىيە تىلى» دەپمۇ ئاتىلىپ، خانلىقنىڭ ئىچكى — تاشقى مۇئامىلە ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە كەڭ قوللىنىلدى. شۇ دەۋردە مەھمۇت قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك جاھانشۇمۇل تىلشۇناس ئالىم، شائىر ۋە مۇتەپەككۇرلار مەيدانغا كېلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تەك شاھ ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قالتىس ئىقتىدارىنى كۆرسەتتى ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئەرەب دۇنياسىغا تونۇتتى.

نەجىپ ئاسىمنىڭ تەتقىقاتى بويىچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» ساپ ئۇيغۇرچە بولۇپ، 11 — ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى ئىدى.»[15] مەشھۇر تۈركولوگ رەشىت رەھمەتى ئاراتمۇ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكلىرى ۋە ئىنچىكىلىكلىرى ئەنە شۇ ئەسەردە ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن.»[16] دەپ يازىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىن باشقا يەنە (خوجا ئەخمەت يەسسەۋىنىڭ) «ھىكمەت»، «ئوغۇزنامە» (XIII ئەسىر) «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «قىسسە سۇل ئەنبىيا»لارغا ئوخشاش كۆپلىگەن ئەسەرلەر خاقانىيە تىلى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. ئەنە شۇ دەۋردىمۇ باشقا تۈركىي خالقلار تىللىرىدىن ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئوچۇق ۋە راۋان تىل خاقانىيە ئۆلكىسىدىكىلەرنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ.» ... قەشقەر«...شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ»[17] دېگەن.) خاقانىيە تىلى ياكى قەشقەر تىلىنىڭ قاراخانىلار ئەۋسىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغانلىقىدا قىلچە شەك يوق. بۇ يەردە بىر نەچچە ئالىمنىڭ كەلىمىسىنى نەقىل كەلتۈرۈش يۇقىرىقى ھۆكۈمىمىزنىڭ ئىسپاتىغا كۇپايە قىلسا كېرەك.

1. «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ......»[18]

2. «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق.»[19] مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قانچىلىك ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

3. «ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىي تىللارنىڭ، يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى (10 - 12 - ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاددىن ئوغۇز — قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ (12 - 13 - ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (13 - 14 -)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ (13 -14 -)، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كونا ئۆزبەك تىلىنىڭ (15 - 19 - ئەسىرلەر)، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (18-19) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، تاكى ھازىرقى كۈنلەرگىچە ئىشلىتىلىپ كېلىندى.»[20]

4. «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا مەدەنىيىتى ئەڭ يۈكسەك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل بولغان.»[21]

5. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى 11 - ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ چېگرىسى دائىرىسىدىن چىقىپ، غەربكە تارقىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا رايونلاردا ئۆزىنىڭ مۇكەممەل كىلاسسىك تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.»[22]

6. «11 — ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى (ئۇيغۇر تىلى) ۋە ئۇيغۇر

يېزىقى غەربىي ئىران ۋە ئىراق ساھەلىرىگە قەدەر يېيىلغان.»㉓
بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خانلىق تەۋەسىدىكى (قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى) ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، كېيىن تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ قوشۇلۇپ، ئاردىلىرىدىكى ئازغىنا پەرقلەر تۈگەپ، يەنىلا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ تىل تارىخ ئېتىبارى بىلەن «قەشقەر تىلى، قەشقەر تۈركچىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى» كېيىن «چاغاتاي تىلى»دەپ ئاتالدى. بۇ ھەقتە ئۇيغۇر قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىنى كۆپ تەتقىق قىلغان د. ئى. تېخنوۋ مۇنداق دېگەن: «ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى تۈركىي خەلقنىڭ 10– 11– ئەسىرلەردىكى تەرەققىياتى جەريانىدا، بۇ زېمىندا شۇ دەۋرلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى ھاكىمىيەت — قاراخانىيلار خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مۇھىم رول ئوينىغان، ھەر ئىككى خانلىقنىڭ ئاساسى ئاھالىسى ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار ۋە شۇلارغا يېقىن قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى خانلىق تەۋەلىكىدە شۇ يەردىكى مۇئەييەن دىئالېكتىلار تەسىرىدىن بىر — بىرىگە خېلى يېقىن ئىككى ئەدەبىي تىل ھۆكۈم سۈردى. بۇنىڭ بىرى، تۇرپان، قۇمۇل، كۇچارلاردا ئۇيغۇر — ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (بۇنىڭغا «ئالتۇن يارۇق» ۋە قانۇن ۋە سىمىرى تىلى ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قەشقەردە ئۇيغۇر — قارلۇق قەبىلىلىرى تىلى ئاساسىدا راۋاج تاپقان قاراخانىي (خاقانىيە) ئۇيغۇر تىلى (بۇنىڭغا «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلار تىلى ۋەكىللىك قىلىدۇ). موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، بۇ ئىككى خانلىق ئاۋۋال چاغاتاي ئۇلۇسى قارمىقىدا، كېيىن موڭغۇل خانلىقى قارمىقىدا بىرلىككە كېلىش نەتىجىسىدە بۇ ئىككى رايون خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىي تىلدىكى پەرقلەر يوقۇلۇپ، «دې» دىئالېكتى ئۇستۇنلۇك قازانغان بىر پۈتۈن ئەدەبىي تىل ئاۋۋال «قەشقەر تىلى، قەشقەر تۈركچىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى كېيىن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالدى.»㉔㉕ دېمەكچىمىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تىلى تارىخىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچى شەكىللەندى.

چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇزۇن ۋاقىت ئىككى خانلىقتا بۆلۈنۈپ ياشىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاسىدىن كېيىن بىرلەشتى ھەم ئۇلارنىڭ ئاردىلىرىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئازراق تىل پەرقى يوقالدى. نەتىجىدە. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىدە يەنە بىر دەۋر باشلاندى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭەيدى.

موڭغۇللار، بېپايان زېمىنلارنى، جۈملىدىن شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايون-

نى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇۋالغان چاغلاردا، ئۇلار ئۆزلىرى تېخى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرگە نىسبەتەن مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا ئارقىدا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن بولغان تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنى، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىشتىكى قانۇن — نىزاملىرىنى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈملىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇشقان ئىدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە رەسمىي دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئالىملار، سىياسىئونلار، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ۋە ھەر خىل ھۈنەر ئۇستىلىرى ئىمپېرىيىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ھەم ھەر قايسى مۇئەسسەسەلەردە مۇھىم خىزمەتلەرگە قويۇلدى. موڭغۇل ئەمەلدارلىرىنىڭ بالىلىرىغا يېزىق ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشكە ئۇيغۇرلاردىن مۇئەللىملەر بەلگىلەندى. خانلىقنىڭ ھەر قايسى ئاپپاراتلىرىغا ئىشتىراك قىلدۇرۇلغان بۇ كىشىلەر ئۆز ئىشلىرىدا تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تارىختىن بۇيان ئاتا — بوۋىلىرى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل موڭغۇل ھاكىمىيىتىدىكى رايونلاردا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردىن قوبۇل قىلىنغان، موڭغۇل ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان بىر خىل مەدەنىيەت قانات يېيىشقا باشلىدى ھەم بۇ مەدەنىيەت موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل خانلىقلىرىغا قالدۇرغان تەسىر قىلغانلىقىنى كېڭ شىمىن پروفېسسورنىڭ يازغانلىرىدىنمۇ خېلى چۈشىنىۋالالايمىز: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار تەرىپىدىن قوللىنىلغان، نۇرغۇن ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ھازىرقى موڭغۇل يېزىقى بولۇپ شەكىللەنگەن». مەسىلەن: تارىخىي خاتىرىلەردە «تاشا تۇڭا ئۇيغۇردۇر، ئۇ ئەقىللىق، زېرەك، سۆزگە ماھىر، ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان ئادەم ... بۇۋاكالان (چىڭگىزخان) ... ئوغۇللىرىنىڭ ۋە ۋاڭلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن دۆلەت تىلىنى (موڭغۇل تىلىنى دېمەكچى) ئىپادىلىشىنى بۇيرۇدى» دەپ يېزىلغان («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» «تاشا تۇڭا تەزكىرىسى»). «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، شىلاۋ تەزكىرىسى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «مەملىكىتىمىزنىڭ ئاساسىي ھۆلى شىمالدا. بۇرۇن ئىش كۆرۈنچە ئېلىپ بېرىلاتتى، شۇڭا يېزىق يارىتىلمىغان. يېزىق قوللىنىشقا توغرا كەلگەندە، خەنزۇچە خەت ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق سۇلالىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان تىل ئىپادىلىنەتتى» يەنە مۇنداق يازىدۇ: «... قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 13 –، 15 – ئەسىرلەردە ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا، تۆمۈرىلەر ئىمپېرىيىسىدە ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ دۆلەت ئورگىنىدا قوللىنىلىدىغان يېزىق بولغان. مەسىلەن: ھازىر ساقلىنىۋاتقان، ئالتۇن ئوردا دەۋرىدىكى «تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى»، «توختامىش يارلىقلىرى» قاتارلىقلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان. تارىخىي خاتىرىلەردە «تۆمۈرنىڭ بارلىق ھەربىي پائالىيەتلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خاتىرىلەش توغرىسىدا باخشى (كاتىپ)غا بۇيرۇق بەرگەنلىكى» يېزىلغان. ئۆ-

مۇرەلەر سۈلالىسى دەۋرىدە تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئۇرغۇنلىغان ئىسلام دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر بۇيرۇقتا بىنائەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قايتا كۆچۈرۈلگەن.»⑤ دېمەك، بۇ مەدەنىيەتنىڭ يەنى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى شۇ قەدەر چوڭقۇر بولىدۇكى، تۈركىي خەلقلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ موڭغۇللار ئاخىرى بېرىپ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە سىڭىشىپ تۈركلىشىپ كەتتى.

چاغاتايخان تۈركىي خەلقلەرگە ھۆكۈمران بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خانلىقتا تۈرك، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يولغا قويۇشنى داۋاملاشتۇردى. بەلكى بۇ ئىشلاردا ئۇ تېخىمۇ كەسكىن ئىش كۆردى. شۇڭا مەشھۇر تۈركشۇناس ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ چاغاتايخان ھەققىدە «بۇ قاتتىق قوللۇق خان ئۆزىنىڭ بېسىمىنى تۈرك مىللىتى (ئۇيغۇر مىللىتى) ۋە تىلىنى ساپ قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئابرويىنى كۆتۈرۈشكە، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلدى» دېگىنىمۇ چاغاتاي خانىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى ئاساسىدا يۈرگۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەچكە، شۇ ئاساستا ئىش كۆرگەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خېلى ئۇزاق تارىختىن بۇيان تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى «چاغاتاي خانلىقى» دەۋرىدىمۇ تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئورتاق ئەدەبىي تىلى ھەم دۆلەت تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

«چاغاتاي تىلى» قارلۇق — ئۇيغۇر قەبىلە تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن خاقانىيە تىلى بىلەن ئۇيغۇر — ئوغۇز قەبىلە تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بولۇپ، بۇ تىل مۇشۇ دەۋرىدىمۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىن باشلاپ «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئاتالغان بۇ تىل ئەرەب — پارس تىللىرىدىن بىر مۇنچە سۆز — ئىبارىلەرنىڭ ئۇسۇپ كىرىش ھېسابىغا «يېڭىلىقى» بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شۇنى ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب — ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تىل يېزىقىنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى تەسىرى ھەم ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىزىدا چۈشكەن پارس تىل — ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ۋە شۇنداقلا ئىلىم — پەن ئىگىلەشكە بولغان ئېھتىياج ئارقىسىدا كۆتىرىلگەن ئەرەب — پارس تىللىرىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى بىلەن بىرگە يەنە بىر قىسىم زىيالىيلار ئارىسىدا ئەرەب - پارس تىللىرىغا بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا چوقۇنۇش كەيپىياتى كېلىپ چىقتى. بۇ خىل كەيپىيات ئەۋج ئېلىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار قىلغان گەپ — سۆزلەردە ھەم يازغانلىرىدا ئەرەبچە، پارسچە سۆز — ئىبارىلەرنى ئىلاجى بار كۆپرەك ئىشلە—

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقتىشنى، ئەرەب ياكى پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشنى بىر خىل شەرەپ دەپ
بىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئانا تىلى بىلەن ئەسەر يازغۇچىلارنى كەمسىتىدىغان
زەربە بېرىدىغان ۋە ھەتتا بىر كىشى ھەر قانچە بىلىملىك بولۇپ، پەقەت ئەرەب
ياكى پارس تىلىنى بىلمىگەچ بىلگەنلىرىنى ئۇ تىللاردا ئەسەر يازماي ئۆز ئانا تىلى
بىلەن يازسا، ئۇنى ھېچنېمىسە، ئەرزىمەس كىشى ھېسابلايدىغان، قىسقىسى تۈرك-ئۇيـ
غۇر تىلىنى ئەرەب — پارس تىللىرى ئالدىدا بەكمۇ تۆۋەن چاغلايدىغان يەرگىچە
بېرىپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا كۆپلىگەن دىنىي مەزمۇنـ
دىكى ئەرەبچە پارسچە، سۆز ئىبارىلەر كىرىش بىلەن بىللە، ئانا تىلىنى تىلىمـ
ىزدىكى ئاز بولمىغان قەدىمىي سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئەرەب، پارسچە سۆزلەر ئىگـ
ـىلەپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق رېئاللىق ئالدىدا ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى ۋە
داۋاملىق قاتارلىق غورۇرلۇق ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۇ خىل كەيپىيات بىلەن قەيسىرانە
كۆرەش قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاجايىپ رەڭدار، بۈيۈك ئەسەرلەرنى يارىتىپ،
تۈرك، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قالتىس ئىقتىدارىنى نامايىش قىلىش بىلەن بىرگە ئانا
تىلنى خەۋپلىك تەقدىردىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئاجايىپ جاسارەت كۆرسەتتى. بۇ ئۇ-
لۇغ ئىشتا بولۇپمۇ ئەلىشىر ناۋايىنىڭ تۆھپىسى بەكمۇ بۈيۈكتۇر. «تۈرك — تاتار
تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغانىنىڭ چاغاتاي
ھەققىدە ئۇنىڭ شۇ قاتتىق قوللۇقلىقى. بېسىمى ئارقىسىدا تۈرك ئالىملىرى ئارـ
ـىسىدىكى ئىران (پارسى) تىلىغا مۇھەببەت باغلىغانلار يوقۇلۇشقا باشلىدى. مىللىي
تىلدا (ئۇيغۇر تىلىدا) ئەسەر يازىدىغان ئالىملار، شائىرلار، ئەدىبلەر كۆپىيىشكە
باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي دەۋرىدىن بىزگىچە قەدەر داۋام قىلىپ كەلـ
ـگەن تۈرك ئەدەبىياتى ۋە تىلى قاتتىق قوللۇق خانىنىڭ ھىممىتى بىلەن چاغاتاي
ئەدەبىياتى ۋە تىلى دەپ ئاتالدى. ئورغۇنلىغان مىللىي شائىرلار چاغاتايدىن كېـ
ـيىن چاغاتاي ئەدەبىياتى نامى بىلەن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازدى. 14-، 15-
ئەسىرلەر گەرچە چاغاتاي نامىدىكى بۇ ئەدەبىيات ئادەتتىن تاشقىرى تېز سۈرئەتتە
تەرەققىي قىلدى» دېگەن گەپلىرىدىن تۈرك-ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئارىلىقتا خەۋپكە
دۇچ كېلىپ، كېيىن يەنە خەۋپ ئىچىدىن تەرەققىيات يولىنى تاپقانلىقىنى كۆرـ
ـدۇۋالالايمىز.

ئەنە شۇ «قەشقەر تىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى» ياكى «چاغاتاي تى
لى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «مۇھەببەتنامە» (خارەزمى، 1353) «تە-
ئەششۇقنامە» (سەيدى ئەھمەد، 1435) «قىسسەئى يۇسۇف» (ئەلى، 13 - ئەسىر) «خىـ
ـسرو ۋە شىرىن» (قۇتبى، 1340) «گۈلىستان» تەرجىمىسى (سەيفى سارايى 1391)
«يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» (دۇربېك، 14 — ئەسىر) «گۇل ۋە نەۋرۇز» (لۇتفى، 14- ئە
ـسىرنىڭ ئاخىرى)، ئاتايى ئەسەرلىرى (15 — ئەسىر)، سەككاكى ئەسەرلىرى (15 —
ئەسىر) «ئوقيانىڭ مۇنازىرىسى» (ياقىنى، 15 — ئەسىر) «سىرا جۇل قۇلۇب» (مەد-
ـۋۇ بەخشى ھىراتى) «بەختىيار نامە» (1435) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەر مەيـ
دانغا كەلدى. يۇقىرىقى يازغۇچى — شائىرلار گەرچە چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ غەربىي

قىسمىدا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەسەر يازغان ئەدەبىي تىل قەشقەر تىلى ئىدى. شۇڭا ناۋايى ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ماھىر ئۇستىلىرى دەپ مەدھىيىلىگەن.

يۇقىرىدا سانىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ناۋايىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يازغۇچى-شائىرلار ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدۇر. ئۇلاردىن كېيىن ناۋايى ئۆزىنىڭ «چاھار دىۋان» «خەمسە» «مەھبۇ بولقۇلۇپ» «خەمسە تۇلمۇ غەيرىن» «مەجالىسۇن نەفايىس» «مىزانۇلئەۋزان» «مۇھاكىمە تۇللۇ غەتەينى» «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەت» قاتارلىق كۆپلىگەن جاھانشۇمۇل ئەسەرلىرى بىلەن تۈرك — ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى ھەم ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە كۆتەردى. ئۇلۇغ ئالىم ئەلشىر ناۋايى ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلىنى قورال قىلىپ ئېرىشكەن ئەشۇ شانلىق غەلبىسىنى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ پارس تىلىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىپتىخار بىلەن:

«تۈرك نەزمىدە چۇ تارتىپ مەن ئەلەم،
ئەيلەدىم ئول مەملىكەتنى بىر قەلەم»

دەپ جاكالىدى. ناۋايى يەنە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ ئىپادىلەش قۇۋۋىتى جەھەتتە ئەرەب — پارس تىللىرىدىن ھېچبىر قېلىشمايدىغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئارتۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، «ئەرەب شائىرلىرى ۋە پارس سۆز سەنئەتكارلىرى سۆز كېلىنىنى تۈرلۈك دەبدەبە، ھەشەمەت بىلەن بېزەندۈرگەن بولسا، مەن تۈركىي تىلغا مۇراجىئەت قىلىپ بۇ تىلنىڭ خىلمۇ — خىل ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەزمۇن — مەناقىزىنى ياساندۇردۇم ۋە ئۆز پىكىرىمنى چاغاتاي تىلى بىلەن ئىپادىلىدىم ....» دېدۇ (بۇ يەردە ناۋايى ئېيتقان ‹تۈركىي تىل، چاغاتاي تىلى دېگەن ھەر ئىككىلىسى بىرلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل بولۇپ، ئالدىنقى ئاتالغۇنى ئەرەب — پارس تىللىرىغا مۇقابىل قويۇپ، كېيىنكى ئاتالغۇنى ئانا تىلىنى-ئۇيغۇر تىلىنى سۈپەتلەپ ئۆتكەن).

دۇيۇزلۇق ئالىملارنىڭ قارىشىچە 17 — ئەسىرگىچە تۈركىي خەلقلەرگە ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان چاغاتاي تىلى 17 — ئەسىردىن باشلاپ «كىلاسسىك ئۆزبېك تىلى» ۋە «كىلاسسىك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنگەن. ئەنە شۇ 17- ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. مۇستەقىل تەرەققىي قىلىش يولىغا ماڭغان ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى موغۇلىستان خانلىقىنىڭ داۋامى بولغان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى يەكەن ۋە قەشقەر بولغان سەۋەبلىك، قەشقەر رايونىدىكى جانلىق تىل بىلەن باغلانغان ھالدا راۋاجلىنىپ، خەلقنىڭ جانلىق تىلى بىلەن يېقىنلىشىشقا يۈزلەندۇ. (بۇرۇن چاغاتاي تىلى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغاچقا، خەلق جانلىق تىلى بىلەن خېلى پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ دېگەنلىك چاغاتاي تىلىنىڭ خەلق جانلىق تىلى بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە).

بۇ تىل بىلەن ئىلگىرى — ئاخىر بولۇپ، مەۋلانا خۇلقى، سۇلتان سەئىدە—

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

خان، سۇلتان ئابدۇرەشت خان، ئامانىنىسا خېنىم — نەفىسى، قىدىرخان ياركەندى، ئايازى- خىرقەتى، زەلىلى، نۇبىتى، موللائەلەم شاھيارى، قەلەندەر، ئابدۇرەھىم نىزارى، سەبۇرى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، نۇرۇز ئاخۇن زىيائى، گۇمنام، نىيازى، مەھمەتشاھ قاراقاشى، سادىر پالۋان، سەييىت مۇھەممەت، ھېيىت مۇھەممەت ئوغلى موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ، موللا مۇسا سايرامى ۋە ھۈسەيىنخان — تەجەللى قاتارلىق تالانتلىق شائىرلار نۇرغۇنلىغان ئىسىل ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى.

يۇقىرىدىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ خەلق جانلىق تىلىغا بارا — بارا يېقىنلىشىپ بارغانلىقىنى سىزەلەيمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «چاغاتاي تىلى»نى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا جەھەتلەردىن دىئالېكتلار ئارا پەرقىنى بارغانسىرى يوقىتىپ، تېخىمۇ بىرلىككە كېلىش ۋە بېيىش، مۇكەممەللىشىش بىلەن تارىختىكىگە ئوخشاشلا ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ چوڭقۇر چۈشەنچىلەر ۋە ئۇقۇملارنى تېخىمۇ بىمالال ئىپادىلەيدىغان باي تىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇرماقتا.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى يېقىنقى 40، 50-يىلىنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇرلار ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ھەم تەرەققىياتلارغا ئەگىشىپ، تەرەققىي قىلدى ۋە قىلماقتا.

---

ئىزاھلار:

①②③⑥ت. ئالماس: «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قەشقەر، 1986-يىل نەشرى، 1-، 223-، 229-، 230-بەتلەر.

⑤ ⑪ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ئۈرۈمچى، 1983-يىل نەشرى، 4-بەت.

⑦⑳ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار» بېيجىڭ، 1985- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 63- بەت.

⑨ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى - مىلادى 744 - يىلى ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا قۇرغان خانلىق، 840- يىلى ۋەيران بولغان.

⑫⑬⑭⑮⑯ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» بېيجىڭ، 1983- يىل نەشرى، ئا. ئۆتكۈر: «قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى توغرىسىدا» (ماقالە) 101-102-، 105-، 106-، بەتلەر.

⑰⑱⑲ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈرۈمچى، 1981 - يىل نەشرى، 1- توم كىرىش سۆز، 30-بەت. ئەسلى تېكىست 5- 3- بەت.

㉑ ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «تۈرك - تاتار تارىخى» قازان 1914- يىل نەشرى، 34- بەت.

㉒ ئا. بارافكوف: «ئەلىشىر ناۋايى» (ماقالىلار توپلىمى) موسكۋا، 1946- يىل نەشرى، 99-بەت.

㉓ فۇئاد: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» ㉔ د. ئى. تېخنوۋ

㉕ «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» بېيجىڭ، 1983 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» (ماقالە) 4-، 5-بەتلەر

# قىممەت قانۇنى - تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنىدۇر

ئابلىكىم ھەسەن

قىممەت قانۇنى - قىممەت ھەرىكىتىنىڭ قانۇنى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنى. قىممەت قانۇنى - سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئىچىدىكى ئەنتايىن مۇھىم بىر نەزەرىيەۋى مەسىلە. بۈگۈنكى كۈنگىچە، كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىدىكى تونۇشلىرى يۈزەكى دەرىجىدە بولۇپ كەلدى، ھەتتا بىر تەرەپلىمىلىك بولدى. بۇرۇن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «سىياسىي ئىقتىساد ئوقۇتۇش كىتابى» دىن ئۆگىنىپ ئالغان سۆز بويىچە، ئەمەلىيەتتە ئالماشتۇرۇش قانۇنىنى خاتا ھالدا قىممەت قانۇنى قىلىۋالغان ئىدۇق. كېيىن ئۇدا ئىشلىتىپ كەلگەن ئادەت سۆزىمىز «قىممەت ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دېگەن بىر جۈملە سۆزمۇ، ئەنتايىن بىر تەرەپلىمىلىك چۈشەنچە بولدى. بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بويىچە، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنى بولغان قىممەت قانۇنى، مول مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئىقتىسادىي قانۇن بولۇپ، ئۇنى تولۇق سىستېمىغا ئىگە ياكى بىر پۈتۈن سىستېمىلىق ئاساستا چۈشىنىش كېرەك. ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىدىكى مەزمۇن بويىچە، قىممەت قانۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ مېخانىزمنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىستېمال قىممىتى - قىممەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئىجتىمائىي ئېھتىياج ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، ئېھتىياجنى قانائەتلەندۈرۈش قىممەت قانۇنىنىڭ بىرىنچى تەلىپىدۇر. شۇڭلاشقا، ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى چىقىش قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقىت قىممەتنى بەلگىلەيدۇ. ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ، ھەر قايسى ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىشلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىماتى - ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەپ تۇرىدۇ؛ تۆتىنچى، قىممەت باھانى بەلگىلەيدۇ؛ بەشىنچى، تاۋارنىڭ قىممىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئومۇم مەھسۇلات قىممىتى c، V، m دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنىڭدىن قىممەتنى ئاساس قىلغان بىر تۇتاش ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەر شەكىللىنىدۇ؛ ئالتىنچى، قىممەت — ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ. بۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەر بىرىدە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك رول بولىدۇ. لېكىن تەڭشەش رولىدىن قارىغاندا، بىر — بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا، قىممەت قانۇنى مېخانىزمى بويىچە ئىش بېجىرىلمىدىغانلا

بولسا، قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇشقا بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن.

قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن ئەكس ئېتىدۇ:

(1) ئەمگەك ۋاقتىنى تەڭشەش. ئايرىم ئەمگەك ۋاقتى ئومۇمەن تەڭ بولمايدۇ، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى بىلەن تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك؛

(2) ئىجتىمائىي ئەمگەكنىڭ ھەر قايسى ئوخشاش بولمايدىغان ئىشلەپچىقىرىشلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىم قىلىنىشى. بۇ خىل تەڭشەش رولى، بىرىنچىدىن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بولسا، ئىككىنچىدىن بۇ ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ بەلگىلىك مىقدارىدىكى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى نىسبەت بويىچە ھەر قايسى ئوخشاشمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىگە تەقسىملەيدۇ؛

(3) ئىقتىسادىي ھېسابات ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئوبيېكتىپ تەلەپ — ئەڭ ئاز ئەمگەك سەرپىياتى بىلەن ئەڭ تولۇق ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشتىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي ھېساباتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى — ئادەتتىكى ئەمگەك كاتېگورىيىسى بولغان ئابستراكتنى ئەمگەكنىڭ ئۈچ خىل ئوخشاشمايدىغان تەركىبى، يەنى c، v، m لەردىن ئىبارەت قىممەت قۇرۇلمىسىدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، قىممەت قانۇنى — ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش قانۇنىدۇر؛ قىممەت قانۇنى — تەڭ باھادا ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ قىممەت قانۇنى — ئىجتىمائىي ئەمگەكنى پىلانلىق نىسبەت بويىچە تەقسىملەشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ قىممەت قانۇنىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئاخىرقى نۇقتىسىنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ قىممەت قانۇنى — ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قانۇنى؛ قىممەت قانۇنى — سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىماتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇئامىلىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان تۈپكى ئىقتىسادىي قانۇندۇر.

قىممەت قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى تەڭشەش رولىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مېنىڭچە كاپىتالىزم شارائىتىدا، قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولى — رىقابەت ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، يەنى باھانىڭ يۇقىرى تۆۋەن ھەرىكىتى بىلەن تەمىنلەش - ئېھتىياج تەلىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، ئەمگەك كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەقسىماتىنى تەڭشەيدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئورنىتىلغاچقا، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك مەۋجۇت بولمايدۇ، كىشىلەر قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، پىلانلىق نىسبەت بويىچە ئەمگەكنى ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىگە تەقسىم قىلىدۇ. يەنى ئەمگەك كۈچى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەقسىماتىنى پىلانلىق نىسبەت بويىچە تەڭشەپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، قىممەت قانۇنى - سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسلىق تەڭشىگۈچىدۇر. ھازىرغىچە

ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر خىل كۆز قاراش — سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسلىق تەڭشىگۈچىسى دۆلەتنىڭ پىلانى، قىممەت قانۇنى ئەمەس، قىممەت قانۇنى پەقەت دۆلەت پايدىلانسىمۇ بولىدىغان، پايدىلانمىسىمۇ بولىدىغان بىر خىل قورالدىن ئىبارەت دېگەن سەپسەتە. ئەمەلىيەتتە سۇبيېكتىپ پىلان بىلەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولىنى-دۆلەت پىلانىنىڭ تەڭشەش رولى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇش، قىممەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئوبيېكتىپنى مەجبۇرى ھالدا سۇبيېكتىپقا ماس كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇش — دۆلەت پىلانىنى يوققا چىقارغانلىق بولىدۇ. قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنى تونۇپ يەتكەنلىكىمىز ياكى يېتەلمىگەنلىكىمىز، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنى تونۇپ يەتمىگەندە، ئۇ ئۆزلىكىدىن رولىنى ئوينايۋېرىدۇ؛ ئەگەر ئۇنى كىشىلەر تونۇپ يەتكەن ۋاقىتتا، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئاڭلىق پايدىلىنالايدۇ. بۇ يەردىكى پەرق مانا شۇنىڭدا.

ئىجتىمائىي زورۇر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئىككى خىل مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ قىممەتنى بەلگىلەش جەريانى — بىر خىل ھەرىكەت جەريانىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەرىكەت جەريانى، بىر تەرەپتىن تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مىلك بىر چارىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشكە ئىلھام بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. قىممەت قانۇنى-تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەڭپۇڭلۇقى قانۇنىدۇر. قىممەت قانۇنى - ئىجتىمائىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەممە جەريانىغا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ.

قىممەت قانۇنىنىڭ رولىنى توغرا تونۇش ئۈچۈن، قىممەت قانۇنىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقىنى چۈشىنىش كېرەك. ئىككى ياقلىمىلىق دېگەنلىك - قىممەت قانۇنىنىڭ ئادەتتىكى خۇسۇسىيىتى بىلەن ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قىممەت قانۇنىنىڭ ئادەتتىكى خۇسۇسىيىتى - ئادەتتىكى ئەمگەك جەريانىنىڭ ماددىي قانۇنىدۇر، ھەر قانداق تاۋار ئىگىلىكىگە ئورتاق بولغان تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىدۇر. قىممەت قانۇنىنىڭ ئالاھىدىلىكى - ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي شەكىللەردىكى ئالاھىدە ئىپادىلىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: قىممەت قانۇنىنىڭ ئادەتتىكى خۇسۇسىيىتىدىن ئالغاندا، قىممەت ئومۇمەن، $m+V+c$ دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ئۇ كاپىتالىزم شارائىتىدا، $c$ دائىمىي كاپىتال، $V$ ئۆزگىرىشچان كاپىتال، $m$ ھەقسىز ئىگىلەنگەن قىممەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ سوتسىيالىزم شارائىتىدا، $c$ دائىمىي ئىجتىمائىي مەبلەغ (ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى قىممىتى) بولۇپ، $V$ شەخسىي زۆرۈر قىممەت (ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي مەبلەغ) بولۇپ، $m$ ئورتاق زۆرۈر قىممەت (سوتسىيالىستىك قوشۇمچە قىممەت) بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ھەقسىز ئىگىلىگەن قوشۇمچە قىممەت كاپىتالىستلارغا مەنسۇپ بولۇپ، كاپىتالىستىك ياللانما ئەمگەكچىلەرگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەكسىچە،

ئورتاق زۆرۈر قىممەت — پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرگە تەئەللۇق بولۇپ خەلق مەنپەئەتىگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئېكسپلاتاتسىيىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئادەتتىكى ئەمگەك جەريانىنىڭ كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولغان قوشۇمچە قىممەت — كېڭەيتىلگەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئادەتتىكى خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت.

بىز بۇرۇن قىممەت قانۇنىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىنى تونۇپ يېتەلىگەن ئىدۇق، شۇڭلاشقا، قىممەت قانۇنى ئېغىزغا ئېلىنسىلا، ئۇنى كاپىتالىزمنىڭ ئالاھىدە قانۇنى دەپ قاراپ، ئۇنى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش، ئىقتىسادىي كرىزىس دېگەنلەر بىلەن باغلىغان. بۇ ئەمەلىيەتتە، قىممەت قانۇنىنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئالاھىدىلىكىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىنى كۆرمىگەنلىك. قىممەت قانۇنىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىنى كۆرمىگەنلىك، ئۇنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئادەتتىكى قانۇنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇزۇن مەزگىل قىممەت قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىكى رولى ئېتىراپ قىلىنمىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرەلمىدۇق.

شۇڭلاشقا، ئومۇمىيلىق بىلەن ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل خۇسۇسىيەتتى بويىچە قىممەت قانۇنىنى ئىشلەتكەندىلا، ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەندە، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغاندا، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن چىقىپ، بىز تۆۋەندە، قىممەت قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەڭ تۈپ قانۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى تۇرۇش» دېگەن ئەسىرىدە: «قىممەت قانۇنى — تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈپ قانۇنى»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

قىممەت قانۇنى نېمە ئۈچۈن سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەڭ تۈپ قانۇنى بولىدۇ؟ ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولىدىن بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى:

بىرىنچى: قىممەت قانۇنى — ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش قانۇنى. قىممەت قانۇنىنىڭ ئالدىدا، ھەر بىر ئىشلەپچىقارغۇچى تېخىمۇ كۆپ قوشۇمچە قىممەتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئامال قىلىپ ئايرىم ئەمگەك ۋاقتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. بىراق تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىشنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇلى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئۇسۇلى پەن — تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش. نېمە ئۈچۈن كاپىتالىزمدىكى پەن — تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى شۇنچە تېز بولدى؟ ئاساسىي مەسىلە — قىممەت قانۇنىنىڭ رول ئوينىغانلىقىدىن بولدى. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، پەن — تېخنىكىنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرماقچى بولىدىكەنمىز، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، قىممەت قانۇنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

① ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى تۇرۇش» 308 - بەتكە قارالسۇن

ئىككىنچى، قىممەت قانۇنى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى پەقەت تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرغاندىلا ئاندىن تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تەڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇۋاپىق مەنپەئەتكە ئېرىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، قىممەت قانۇنى ئىجتىمائىي ئەمگەكنى پىلانلىق نىسبەت بويىچە تەخسىملەشنى تەلەپ قىلىدۇ. قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولى چوڭ ۋە كىچىك دائىرىلىك دەپ ئىككى تەرەپكە بۆلۈنىدۇ. كىچىك دائىرىدىن قارىغاندا، ھەربىر تاۋار پەقەت ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى سەرپ قىلالايدۇ. ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولغان ئايرىم ئەمگەك ۋاقتى، ئوتتۇرىچە سان بىلەن تەڭشىلىدۇ، ئالىي سورتلۇقلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ، ناچارلىرى چەتكە قېقىلىدۇ. چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا، يەنى ئىجتىمائىي ئومۇم مەھسۇلات ئىچىدە، ھەر قايسى ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى مەھسۇلاتلارمۇ، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى ئۆلچەم قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، چۈنكى ئىجتىمائىي ئىش تەخسىماتى شارائىتىدا، جەمئىيەت مەلۇم مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇشقا كېرەكلىك بولغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەكنىڭ ئومۇمىي سانى مۇقىم. ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن ھالقىپ ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىلغان بۇيۇملار جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيدۇ، مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش يولى بولمايدۇ. بۇ ئەمگەكلەر ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالمىشىدۇ، يۆتكىلىدۇ، جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئەمگەك ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا نىسبەت بويىچە تەقسىم بولغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بىزنىڭ ئادەتتە ئېيتىپ يۈرگەن قىممەت قانۇنىنىڭ تەڭشەش رولى، ئاساسلىقى كەڭ دائىرىلىك تەڭشەشكە قارىتىلغان. ئىجتىمائىي ئەمگەك نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنسا، ئەمگەكنىڭ زور دەرىجىدىكى ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولىدۇ.

تۆتىنچى، قىممەت قانۇنىنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى ئىجتىمائىي ئېھتىياجنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. قىممەت قانۇنى باشلىنىشىدىنلا ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى چەتنەش قىلغان، چۈنكى، ئىستېمال قىممىتى بولمىغان تاۋارلارنى سېتىشقا بولمايدۇ، بۇنداق دېگەنلىك ئۇنىڭ قىممىتىمۇ يوق دېگەنلىكتۇر. ئىشلەپچىقارغۇچىلار تاۋارنىڭ قىممىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، تاۋارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى تەبىئىي، بۇ ئارقىلىق ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرالايدۇ، شۇنداق بولغاندىلا، تاۋارنىڭ قىممىتى ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولىدۇ. قىممەت قانۇنىنىڭ رولىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ توپلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەڭ ئاخىرى ئېھتىياجنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئىنسانلار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى. بۇ مەقسەتكە قانداق يېتىش مۇمكىن؟ سوتسىيالىزم باسقۇچىدا، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە، يەنىلا قىممەت قانۇنىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، قىممەت قانۇنى — ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قانۇنى. قىممەت قانۇنى رولىنىڭ ماھىيىتى — ئەڭ ئاز ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىشتۇر. ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ئالدىدا، ھەربىر كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بۇمۇ كارخانىلارنىڭ ئۈستىدىكى كېلىۋاتقان بېسىم ۋە كارخانىلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، كارخانىلارنى جانلاندۇرۇش كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىختىكى پاكىتلار شۇنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردىكى: بىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرىكى ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئىگە بولۇشىمىز بەك تۆۋەن، ھالقىلىق مەسىلە ئاساسلىقى قىممەت قانۇنىنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرمىدۇق.

تووار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنى دېگىنىمىز — ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە يېتەكچى رول ئوينىغان قانۇنىيەتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممە جەريانلىرىغا سىڭدۈرۈلگەن، شۇنداقلا باشقا ئىقتىسادىي قانۇنلارنىڭ رول ئوينىشىنىڭ ئاساسى. قىممەت قانۇنى — مانا مۇشۇنداق قانۇنىيەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىممەت قانۇنىنى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنى دەيمىز. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تاۋار ئىگىلىكى دەيدىكەنمىز، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا قىممەت قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىكى تۈپ قانۇن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بىراق، بۇرۇن تۈزۈلگەن سىياسىي — ئىقتىساد كىتابلىرىدا، قىممەت قانۇنى — تۈپ قانۇن دەرىجىسىگە قويۇپ ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، ئەكسىچە ئۇنى تەستە بويسۇندۇرۇلىدىغان قۇرال دەپ قارالغان، ھەر دائىم ئۇنى چەتكە قېقىش ۋە چەكلەش بىلەن شۇغۇللانغان.

بىز ئۇزۇن مەزگىلدىن بېرى، ستالىننىڭ «سوتسىيالىستىك تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنى» ئارقىلىق، قىممەت قانۇنىنى چەتكە قاقتۇق، ئۇنى قىممەت قانۇنىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتۇق، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا نۇرغۇن ئېگىز — پەسلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردۇق. بۇنىڭدىكى نېگىزلىك مەنبە مەھسۇلات ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. ئەنئەنىۋى سىياسىي - ئىقتىساد كىتابلىرىدە، ستالىن ئوتتۇرىغا قويغان مۇنداق بىر قائىدە، يەنى — «سوتسىيالىستىك تۈپ ئىقتىسادىي قانۇن»: «يۇقىرى دەرىجىدىكى تېخنىكا ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەر دائىم ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت»① مانا بۇ «قانۇن» نى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تۈپ قانۇنى قىلىۋالدۇق. بۇنى قىممەت قانۇنى بىلەن قارمۇ — قارشى قويۇپ قالدۇق، نەتىجىدە، قىممەت قانۇنىنىڭ رولىنى چەتكە قېقىپ قويدۇق. بۇ«قانۇن»دا، تاۋار ئىگىلىكىدىن ئايرىلىش، قىممەت دېگەن كاتېگورىيىنى كۆرمەسلىك مەۋجۇت بو-

① ستالىن: «سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» نىڭ خەنزۇچە 30- بەتكە قارالسۇن

لۇپ، پەقەت «مەقسەت» بىلەن «ئۇسۇل» لا نەزەرگە ئېلىنغان، شۇڭلاشقا، ئۇنى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنى دېيىش تەس. يۇقىرى دەرىجىدىكى تېخنىكا ئاساسى—سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماددىي ئاساسى، لېكىن ئۇ ئىقتىسادىي ئۇنۇمنىڭ چۈشەنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، پەقەت ئىقتىسادىي ئۇنۇم تەكىتلەنسىلا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئاندىن ھەقىقىي ئاشۇرۇلغان بولىدۇ. قىممەت قانۇنى- ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا قارىتىلغان، ئىستېمال قىممىتى — قىممەتنىڭ ماددىي ۋاكالەتچىسى، شۇنىڭ ئۈچۈن قىممەت قانۇنى ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ھەل قىلالايدۇ. شۇنداقلا، پەقەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق، ئىقتىسادىي كاتېگورىيىلەردىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى ئاندىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنى — قوشۇمچە قىممەت قانۇنى، يەنى كاپىتالىزمنىڭ پايدا قانۇنى. ئەگەر بىز قوشۇمچە قىممەت قانۇنىنى ئومۇمىيلىقتا ئەگە، ماددىيلاشتۇرۇلغان ئەمگەك دەپ چۈشەنسەك، يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاۋۋالقى ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۆزۈلمىسى دەپ قارىساق، ئۇ ۋاقىتتا كاپىتالنىڭ قوشۇمچە قىممىتى — ماركسنىڭ بەلگىلىگىنى بويىچە «ھەقسىز ئەمگەك» ياكى «ھەق تۆلەنمەيدىغان ئەمگەك» بولىدۇ، بىز ئۇنى «ھەق تۆلەنمەيدىغان قىممەت» دەپ ئاتايمىز. مۇنداق دېگەنلىك — ئەمگەكچىلەر ئىجاد قىلغان قوشۇمچە قىممەت كاپىتالىستلار تەرىپىدىن ھەقسىز ئىگىلەنگەن دېگەنلىك، مانا بۇ — كاپىتالىزمنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، كاپىتالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنى — ھەقسىز ئىگىلەش قىممەت قانۇنىدۇر. سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىدە، كېڭەيتىلگەن تاۋار ئىگىلىكى بولغاچقا، ئوخشاشلا ئومۇمىي قوشۇمچە قىممەت مەۋجۇت، بىراق بۇ خىل قوشۇمچە قىممەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولىدۇ، ئورتاق مەنپەئەتكە ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭلاشقا بىز ئۇنى «ئورتاق زۆرۈر قىممەت» قانۇنى دەپ ئاتىساق بولىدۇ.

دېمەك: بىزنىڭچە، قىممەت قانۇنى — تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنى؛ ھەقسىز ئىگىلەنگەن قىممەت قانۇنى - كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنى؛ ئورتاق زۆرۈر قىممەت قانۇنى — سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى: تاۋار ئىگىلىكىدە بىر سىستېما مەۋجۇت. بۇ سىستېمىدا، قوشۇمچە قىممەت قانۇنى — ھەقسىز ئىگىلەش قانۇنى بىلەن ئورتاق زۆرۈر قىممەت قانۇنىنىڭ ئاساسى، بىراق قىممەت قانۇنى — قوشۇمچە قىممەت قانۇنىنىڭ ئاساسى. قوشۇمچە قىممەت — تاۋار قانۇنىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، قىممەت قانۇنىنى تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ تۈپ قانۇنى دېيىش كېرەك، شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئەلۋەتتە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭمۇ ئەڭ تۈپ قانۇنى بولىدۇ.



AltunOq

# «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» پروگراممىسى※

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

3. «پەرھات ۋە شىرىن»داستانىدىكى سەلبىي ئوبرازلار، خىسراۋ، شىرۇيا، جادۇگەر

4. «پەرھات ۋە شىرىن» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە داستانچىلىقتىكى ئۈلگىلىك ئورنى.

تۆتىنچى پاراگراف: «لەيلى — مەجنۇن» داستانى.

1. «لەيلى — مەجنۇن» ھېكايىسىنىڭ تارىخى ۋە ئۇ ھەقتىكى ناۋائىيغىچە يېزىلغان داستانلار.
2. ناۋائىينىڭ «لەيلى — مەجنۇن» داستانىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە قىممىتى.
3. قەيس (مەجنۇن)، لەيلى، نەۋفال، لەيلى ئاتىسى ۋە ئىبنى سالام ئوبرازلىرى
4. ناۋائىينىڭ بۇ داستانىدا ئىشلەتكەن بەدىئىي ئۇسلۇبلىرى، پىسخولوگىك تەسۋىرلەش.

بەشىنچى پاراگراف: «سەبئى سەييار» داستانى

1. «بەھرام ۋە دىلارام» ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭ كۆپ خىل رىۋايەت شەكلى. فىردەۋسى، نىزامى، خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ بۇ تېمىدىكى داستانلىرى.
2. ناۋائىينىڭ بۇ تېمىنى ئىشلەشتىكى ئالاھىدە ماھارىتى ۋە ئۇتۇقى.
3. بەھرام، دىلارام ئوبرازى.
4. داستاندا سۆزلەنگەن 7 ھېكايىنىڭ تەپسىلاتى.

ئالتىنچى پاراگراف: «سەددى ئىسكەندەر» ئېپوپېيىسى.

1. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن — تارىخىي شەخس ۋە بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە ئىسكەندەر ئوبرازى ۋە ناۋائىينىڭ غايىۋى قاراشلىرى.
2. يۇنان ئالىملىرىنىڭ ئوبرازلىرى.
3. ئاياللار ئوبرازلىرى، لۇبا تىيچىن.
4. «سەددى ئىسكەندەر» نىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

## IV باب ناۋائىينىڭ تىل-ئەدەبىياتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلىرى

بىرىنچى پاراگراف: «لىسانۇت تەير» ۋە «مەھبۇبۇل قۇلۇب»

1. «لىسانۇت تەير» (قۇش تىلى) ناۋائىينىڭ تەپەككۇرانە ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم نامايەندە، ناۋائىينىڭ قۇشلار تىلى ۋاستىسىدا ئىپادىلىگەن پەلسەپىۋى قاراشلىرى ناۋائىينىڭ مەجازىي پېرسوناژلىرى — سىمۇرۇغ، خىزىر، مۇرشىد ۋە باشقىلار

※بېشى ئۆتكەن سانلاردا

2. «لىسانۇت تەيىر» نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى — ئالەم ھەققىدىكى پانتېئىزملىق پىكىر: «لىسانۇت تەيىر» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى.

3. «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ناۋايىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئەسىرى. فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدىيىلىرىنىڭ بۇ ئەسەردىكى تەسىرى.

4. «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» دا دۆلەت ۋە سىياسەت، دىن ۋە سوفىزم. «دېھقانچىلىق ۋە سودا — سېتىق، ئىلىم ۋە سەنئەت، ئەخلاق ۋە تەلىم مەزمۇنلىرى.

5. «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» نىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: «ماجالىسۇن نەفائىس»

1. «مەجالىسۇن نەفائىس» ئەدەبىيات تارىخى تەزكىرى ئەسەر، ئەسەرنىڭ يارتىلىشى ۋە تۈزۈلمىسى.

2. «مەجالىسۇن نەفائىس» دا سەنئەتكارلار تەزكىرىسى ماتېرىياللىرىدىن نەمۇنە

3. «مەجالىسۇن نەفائىس» دا ئەدەبىيات تەنقىدىي مەسىلىلىرى ۋە ئۆلگىلىرى.

4. «ماجالىسۇن نەفائىس» نىڭ تەزكىرىچىلىك تارىخىدىكى قىممىتى.

ئۈچىنچى پاراگراف: «مىزانۇلئەۋزان»

1. «مىزانۇلئەۋزان» — كىلاسسىك شېئىرىيەت ۋەزىن شەرتلىرى توغرىسىدىكى ئەسەر، «مىزانۇلئەۋزان» نىڭ شېئىرىيەت ئىستىتىكىلىق قىممىتى. مىزانۇلئەۋزانغىچە ئارۇز ھەققىدە ئەسەر يازغان ئاپتورلار: خەلىل ئىبنى ئەخمەت، شەمس قەيس («ئەل مۇجەم»)، رەشىدىددىن بەتۋات («ھادايىقۇس سېھىر — سېھىر باغلىرى»)، خوجە نەسىرىددىن تۇسى («مېيارول ئەشئار»)، سالمان ساۋاجى، ئاتاۋۇللا ھۈسەينى («بەدىئۇس سانائى»)، دەرۋىش مەنسۇر، ئابدۇراخمان جامى («ئارۇز»).

2. ناۋايى ئارۇز ھەققىدە، ناۋايىنىڭ ئارۇز نەزەرىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى.

3. «مىزانۇلئەۋزان» نىڭ شېئىرىيەتچىلىكتىكى ئەھمىيىتى.

تۆتىنچى پاراگراف: «مۇھاكىمە تۇللۇغە تەيىن»

1. «مۇھاكىمە تۇللۇغە تەيىن» ناۋايىنىڭ تىلشۇناسلىققا ئائىت نادىر ئەسىرى.

2. «مۇھاكىمە تۇللۇغە تەيىن» نىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىقتىكى ئەھمىيىتى.

## V - باب

ناۋايى دەۋرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى، تەرجىمە ئەدەبىياتى، كۆچۈرمىچىلىك سەنئىتى ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى.

بىرىنچى پاراگراف: ناۋايى دەۋرىدىكى ئېغىز ئەدەبىياتى

ئىككىنچى پاراگراف: ناۋايى دەۋرىدىكى تەرجىمە ئەدەبىياتى ۋە ئۆزلەشتۈرمە ئەدەبىيات، «خەمسە ناۋايى» نىڭ نەسرلەشتۈرۈلۈشى.

ئۈچىنچى پاراگراف ناۋايى دەۋرىدىكى كۆچۈرمىچىلىك سەنئىتى، مەشھۇر خەتتاتلار ۋە كۆچۈرگۈچىلەر.

تۆتىنچى پاراگراف: ناۋايى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى، ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇتۇلۇشى

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى توم: يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## توققۇزىنچى بۆلۈم

## سەئىدىيە دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

### I ـ باب: سەئىدىيە دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ بايانى

بىرىنچى پاراگراف: ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىجتىمائىي ۋە ئېتنىك مەدەنى مۇھىت

1. دەشتى قىپچاق ئۆزبېك خان ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسانغا يۈرۈشى. تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرى يۇنۇسخان، ئەخمەت خان ۋە بابۇر ۋە سەئىد خانلار بىلەن، تۆمۈرلەڭ ئەۋلادلىرىنىڭ شايبانىخان بىلەن قىلغان كۆرەشلىرى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شايبانىخان قولىغا ئۆتۈشى.

2. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى ئېتنىك مۇھىت، ئۆزبېك خانلىقى ۋە قازاقخانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، مۇھەممەت سالىخ ۋە «شايبانىنامە». ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى، ئەبۇلغازى باھادىرخان ۋە «شەجەرەئى تۈرك»، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىنىڭ داۋامى.

ئىككىنچى پاراگراف: زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر

1. بابۇرنىڭ «ئۇلۇغ موغۇل خانلىقى»نى بەرپا قىلىشى، موغۇلىستان ۋە موغۇل خانلىقىنىڭ شايبانىخانغا قارشى ئىتتىپاقى، بابۇر ئەۋلادلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىلىرى.

2. بابۇرنىڭ لىرىك شېئىرلىرى، بابۇر شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، تىلى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

3. «بابۇرنامە». بابۇر نامىنىڭ مەزمۇنى ۋە تارىخىي قىممىتى.

4 گۈل بەدەن بېگىم ۋە زىبۇننىسا بېگىمنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى.

5. ئەكبەرنىڭ شەرق مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى.

ئۈچىنچى پاراگراف: سەئىدىيە خانلىقى ۋە سەئىدىيە دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوبزورى.

1. سەئىدىيە خانلىقىدىچە قەشقەرىيە، تۇرپان ۋە جۇڭغارىيە.

2ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ نەسەپ سىستېمىسى ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، سۇلتان سەئىدخان ۋە بابۇر. 3ـ سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى.

### II باب سەئىدىيە ۋە رەشىدى

بىرىنچى پاراگراف: سەئىدى

1. ھايات پائالىيىتى، تارىخىي خاتىرىلەردە سەئىدخان تەسۋىرى.

2. شېئىرى ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن مىسال.

3. سەئىدخان شېئىرىيىتىدە كىلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى.

ئىككىنچى پاراگراف: رەشىدى

1. سۇلتان ئابدۇرشىت خاننىڭ ئۆمۈر بايانى ۋە پەزىلەتلىرى،

2. رەشىدى شېئىرىي ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى.

3. رەشىدى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى.

## III باب شائىرە ئاماننىسا بېگىم

بىرىنچى پاراگراف: ئاماننىسا بېگىمنىڭ ھايات پائالىيىتى

1. ئاماننىسا بېگىمنىڭ ھايات پائالىيىتى.
2. ئاماننىسا بېگىمنىڭ ئوردىدىكى ھاياتى.
3. ئاماننىسا بېگىمنىڭ ئەسەرلىرى، «دىۋان نەفىسى»، «ئەخلاقىي جەمىلە»، «شۇرۇلقۇلۇپ»

ئىككىنچى پاراگراف: ئاماننىسا بېگىمنىڭ شېئىردىي ئەسەرلىرى.

1 «دىۋان نەفىسى» نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى.
2. «دىۋان نەفىسى» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى.
3. «دىۋان نەفىسى» دە كىلاسسىك ئەدەبىيات ئىزچىللىقى.

ئۈچىنچى پاراگراف: ئاماننىسا بېگىم ۋە «12مۇقام»

1. «12مۇقام» ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى.
2. «12 مۇقام» نىڭ ئاماننىسا بېگىمگىچە تەرەققىيات ئەھۋالى.
3. ئاماننىسا بېگىمنىڭ «12مۇقام» غا قوشقان تۆھپىسى.

## IV باب ئابايازبەك قۇشچى، مەۋلانە خۇلقى ۋە قىدىرخان يەركەندى

بىرىنچى پاراگراف: ئابايازبەك قۇشچى،

1. ئابايازبەك قۇشچى ھاياتى ۋە پائالىيىتى.
2. ئابايازبەك قۇشچىنىڭ لىرىكىلىرى ۋە قەسىدىلىرى.
3. «جاھاننامە» داستانى.
4. ئابايازبەك قۇشچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر.

ئىككىنچى پاراگراف: مەۋلانە خۇلقى

1. مەۋلانە خۇلقىنىڭ ھايات — پائالىيىتى
2. مەۋلانە خۇلقىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى تەپسىلاتى.

ئۈچىنچى پاراگراف: قىدىرخان يەركەندى.

1. قىدىرنىڭ ھايات— پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى.
2. قىدىرى شېئىرلىرى. «دىۋان قىدىرى» نىڭ ئىدىيەۋى مەزمۇنى.
3. «دىۋان قىدىرى» نىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.
4. قىدىرخاننىڭ مۇزىكا ئىلمىدىكى تۆھپىلىرى.

## V باب سەئىدىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىر ۋە نەمۇنىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: تارىخ ۋە تەزكىرە ئەدەبىياتى

1. مىرزا ھەيدەر ۋە «تارىخىي رەشىدى»، مۇئەللىپىنىڭ تەرجىمھالى، ئەسەرنىڭ يېزىلىشى ۋە مەزمۇنى. ئەسەرنىڭ قىممىتى، «تارىخىي رەشىدى» ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى.
2. خوجا جاراس ۋە «تارىخىي رەشىدى زەيلى»، دوللا مىرسالىخ قەشقەرى ۋە «چىڭگىزنامە».

مۇئەللىپنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، ئەسەرنىڭ يېزىلىشى، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئەسەردىكى ئەدەبىي پارچىلار. 3. «مەخمۇتخاننامە» ھەققىدە تەپسىلات.

ئىككىنچى پاراگراف: سەئىدىيە دەۋرىدە ئېغىز ئەدەبىياتى

1. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە لوپ، تۇرپان، قۇمۇل ئېغىز ئەدەبىياتى، لوپ خەلق قوشاقلىرى ۋە قۇمۇل مۇقامى قوشاقلىرى، دولان مۇقامى ۋە مەشرەپلىرى

2. «غېرىپ ـ سەنەم»نىڭ موللا يۇسۇپ ئىبنى قادىر ھاجى تەرىپىدىن داستانلاشتۇرۇلۇشى.

## ئونىنچى بۆلۈم

## زەلىلى دەۋرى ئەدەبىياتى

### I باب غوجامقۇلى خىرقىتى ۋە مەشرەپ ئىجادىيىتى

بىرىنچى پاراگراف: ئەينى زامانىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتى

1. يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە خوجىلار دەۋرى پاجىئەلىك تارىخىنىڭ باشلىنىشى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي بۆھران.

2. خوجىلار دەۋرى روھى ئاتمۇسفېراسىدا ئىدېئولوگىيىلىك كۆرەشلەر، ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق خوجىلار، سوفىزىم ۋە دۇنياۋى ئەدەبىيات ئارىسىدىكى كۆرەش. ھۆۋەيدا ۋە سوپى ئاللا تەئەسسۇپچىل شېئىرىيىتى.

3. ئوردا ئەدەبىياتى ۋە ئەركىن ئەدەبىيات، ئىلغار پىكىرلىك ئەدىپلەرنىڭ پاجىئەلىك قىسمەتلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: مۇھەممەت غوجام قۇلى خىرقىتى.

1. خىرقىتىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى.

2. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئاساسىي سىموۋۇللۇق ئوبرازلار. 3. «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» داستانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: رەھىم بابا مەشرەپ

1. مەشرەپنىڭ ھاياتى، مەشرەپنىڭ تەربىيىلىنىشى، مەشرەپنىڭ پائالىيىتى. مەشرەپ ھاياتىنىڭ تىپىك تىراگىدىك ئالاھىدىلىكى.

2. مەشرەپنىڭ شېئىرىيىتى، مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ۋە پەلسەپىۋى قىممىتى. مەشرەپنىڭ باشقا ئەسەرلىرى، «مەبدەئىي نۇر»

3. مەشرەپ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى، مەشرەپتە بەدىئىي تەسەۋۋۇر بايلىقى خۇپىيانە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، تىل راۋانلىقى، پىكىر جۇشقۇنلۇقى ۋە رېتىم ئاھاڭدارلىقى،

4. مەشرەپ ۋە خەلق ئەدەبىياتى، مەشرەپ غەزەللىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسىرى.

### II باب مۇھەممەت سىدىق زەلىلى

بىرىنچى پاراگراف: زەلىلىنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى

1. زەلىلى ياشىغان يىللارنىڭ مۇھىتى، ئەينى يىللاردىكى ئالىملار ۋە ئەدىپلەر، غۇربەتى، سالاھى، ئەرشى، فۇتۇخى، شاھ مۇھەممەت پەيرەۋى ۋە باشقىلار.

2. زەلىلىنىڭ ھاياتى يىللىرى ۋە سەرگەردان ھاياتى— خوجىلار دەۋرى تىپىك پاجىئەلىك مۇھىتىنىڭ تىپىك نامايەندىسى.

3. زەلىلىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى، زەلىلى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى.

ئىككىنچى پاراگراف: زەلىلىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى

1. زەلىلىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە تېما تىكىسى.

2. زەلىلىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر. 3. زەلىلىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا پاجىئەلىك مۇھىتنىڭ پاش قىلىنىشى ۋە تەنقىد قىلىنىشى.

4. زەلىلىنىڭ لىرىك شېئىرلىرىدا بەدىئىي مەجازىي ۋاسىتىلار ۋە بەدىئىي ماھارەت

ئۈچىنچى پاراگراف زەلىلىنىڭ ئېپىك داستانلىرى

1. «سەپەرنامە» داستانى 2. «ئىمام سادىق» داستانى.

3. «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار» داستانى.

4. زەلىلى ئېپىك داستانلىرىدىكى پىكىر ۋە سەنئەت ئۆزگىچىلىكلىرى

## III باب نوبىتى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرى

بىرىنچى پاراگراف: نوبىتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى.

1. نوبىتىنىڭ ھاياتى— پائالىيىتى.

2. «دىۋان نوبىتى» نىڭ لىرىك تېما تىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى نوبىتى شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: گۇمنام ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى.

1. گۇمنامنىڭ ھاياتى— پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى. 2. گۇمنام شېئىرلىرىدا بەدىئىي ماھارەت ۋە سۆز ماھارىتى 3. نوبىتى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى

ئۈچىنچى پاراگراف: لىرىك شېئىرىيەتنىڭ بىر قاتار نامايەندىلىرى.

1. مەجلىسى ۋە «دىۋان مەجلىسى»

2. سامائى ۋە «دىۋان سامائى» 3. سارابى ۋە «دىۋان سارابى»

4. ئاتاغلىق لىرىك شائىر جاھان خوجا ئەرشى ۋە «دىۋان ئەرشى»

5. مۇتىربان قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ لىرىك غەزەللىرى.

6. زۇلپىيە قەشقەرى ۋە «زۇلپىيە نامە»

7. موللا مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى ۋە خوجا ناسىر ئاخۇن ئىجادىيىتى.

تۆتىنچى پاراگراف: ئېپىك شېئىرىيەتنىڭ بىر قاتار نامايەندىلىرى

1. ئۆمەر باقى ۋە «پەرھات— شىرىن»، «لەيلى مەجنۇن» داستانلىرى.

2. موللا ئەلەم شەھيارى ۋە «گۈل ۋە بۇلبۇل» داستانى.

3. مۇھەممەت تەسەددۇق بەرشىدى ۋە «سەنئەتنامە»

4. سەئىدى ۋە «تاھىر— زۆھرا» داستانى.

5. سابىر سەيقەلى ۋە «زىرھۇم— گۈلەندەم»، «تەزكىرى سەيقەلى» داستانلىرى.

6. ئەندەلىپ ۋە «لەيلى— مەجنۇن» داستانى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

7. رىزا شائىر ۋە «خۇرشىد ۋە مەلىكە دىلارام»
8. ئىسمائىل بەگ بىنشان ۋە «بەندىنامە» (10مىڭ مىسرالىق) **داستان.**

## IV باب مۇھەممەت سادىق كاشغەرى ۋە نەسرىي ئەدەبىيات

بىرىنچى پاراگراف: ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەسرى ژانىرى

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسرىي ژانىرنىڭ تارىخى ۋە تۇتقان ئورنى.
2. نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ ھىكايەت-قىسسە شەكلى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلىرى.
3. نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ تەزكىرە شەكلى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئۆزگىچىلىكلىرى تەزكىرە ئەدەبىياتنىڭ دەۋر شەكىللەندۇرۇش قانۇنىيەتلىرى.
4. تەرجىمە ئەدەبىياتى، نەزمىنى نەسرى ئىشلەشتىكى تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئەھمىيىتى، تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئامىللىرى. تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا تەسىرى

ئىككىنچى پاراگراف: مۇھەممەت سادىق كاشغەرى

1. ئالىم ۋە ئەدىبنىڭ ھايات-پائالىيىتى، مەنىۋى پەزىلەتلىرى.
2. ئالىم ۋە ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرى 18 پارچە ئەسەردىن ساقلانغان ئەسەرلەر «تەزكىرەئى ئەزىزان (پاكى خوجىگان)»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇلكەھف»، «زۇبدەتىل مەسائىل ۋەلئەقائىد»، «ئەدەبۇسسالىھىن»، تەرجىمە ئەسەرلەر «تارىخىي رەشىدى» «تارىخىي تەبەرى».
3. «تەزكىرەئى ئەزىزان» چوڭ ھەجىملىك تارىخىي قىسسە. ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى مەزمۇنى ۋە تەپسىلاتى.
4. مۇھەممەت سادىق كاشغەرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

ئۈچىنچى پاراگراف: تەزكىرە ئەدەبىيات ئۈلگىلىرى

1. موللا ھاجى ۋە «تەزكىرەئى بۇغراخان» بۇ ئەسەرنىڭ 1829-يىلى داستانلاشتۇرۇلۇشى ۋە مۇھەممەت سادىق ئارتۇشى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىشى.
2. قاسىمى ۋە «تەزكىرەئى ئارسلانخان» (1799-يىل)
3. نىيازى ۋە «تەزكىرەئى زەھەبۇللا» (1790-يىل)
4. زەينىددىن مۇھەممەت ئىمىن سەدرى قەشقەرى ۋە «دۇرۇل ئاخبار» (1782-يىل)
5. ئابدۇشكۇر ۋە «تەزكىرەئى ئابدۇلمانان»
6. شاھ مەھمۇت ۋە ئۇنىڭ «تارىخىددىن»-«ئەنىس ئەتتەلىبىن» ناملىق ئەسەرلىرى
7. مۇھەممەت رەھىم قەشقەرى ۋە «سىيەرشەرىپ»
8. مۇھەممەت ئىبلى ۋە «ھەپتە مۇھەممەدان»
9. «تەزكىرەئى ئۇۋەيسنامە»
10. قول ئۇبەيدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى.

تۆتىنچى پاراگراف: خامۇش ئاخۇن ۋە تەرجىمە ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى،

1. خامۇش ئاخۇن يەركەندى— ئاتاغلىق ئەدەبىيات تەرجىمەشۇناسىتى ۋە ئەدىپ

«شاھنامە»نى تۈركىي، «كەلىلە ۋە دىمنە»قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلەر.

2. مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى ۋە كەشمىرىنىڭ «ئەنۋەر سۇھەيلى» ناملىق ئەسەرىنىڭ تەرجىمىسى (1718—يىلى)

3. مۇھەممەت سادىق رەشىدىنىڭ «قابۇسنامە» ئۈستىدىكى تەرجىمىسى.

4. مىرفازىلنىڭ مىرخەندىنىڭ «تارىخ خاۋاندشاھ»ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىشى (1757-يىلى

5. رەھمانقۇل يامغۇرچى تەرجىمىسىدىكى «دۇرۇلى ماجالىس»

## ئونبىرىنچى بۆلۈم: نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتى

I باب نىزارى دەۋرى ئەدەبىي مۇھىتىنىڭ بايانى. موللاشاكىر ۋە زوھۇرى ئىجادىيتى

بىرىنچى پاراگراف: نىزارى دەۋرى ئەدەبىي مۇھىتىنىڭ بايانى

1. بۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي-تارىخىي مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى بايانى.

2. بۇ دەۋرنىڭ مەدەنىي ھاياتى قەشقەردە ھاكىم بەگلىك تۈزۈمىدىكى مەنىۋى مۇھىت سېپىل ۋە بىناكارلىق.

3. بۇ دەۋردىكى خەلق ئەدەبىياتى، داستانچىلىق، ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە مەكتەپچىلىك.

ئىككىنچى پاراگراف: موللاشاكىر ۋە ئۇنىڭ داستانى «زەپەرنامە»

1. شائىر موللاشاكىر ۋە ئۇنىڭ ھايات-پائالىيىتى.

2. «زەپەرنامە»داستانىنىڭ تارىخىي سىيۇژىتى ۋە بەدىئىي مەزمۇنى.

3. «زەپەرنامە» داستانىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: شائىر زوھۇرى ۋە «دىۋان زوھۇرى»

1. زوھۇرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى. مەدەنىيەتكە ھامىيلىق.

2. «دىۋان زوھۇرى»نىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

## II باب ئابدۇرېھىم نىزارى

بىرىنچى پاراگراف: نىزارىنىڭ ھايات-پائالىيىتى ۋە مىراسلىرى

1. نىزارىنىڭ ھايات،پائالىيىتى. نىزارى ئەدەبىيات تۈگرىكى.

2. نىزارىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرى. نىزارى تەتقىقاتى.

3. نىزارىنىڭ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: «غېرىپلار ھېكايىتى» دىكى نىزارى داستانلىرى.

1. نىزارى داستانلىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە خەمسە خاراكتېرى.

2. نىزارى داستانلىرىدا ئاساسىي پېرسوناژ-ئوبرازلىرى.

3. نىزارى داستانلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى.

4. نىزارى داستانلىرىدا بەدىئىي ۋاسىتىلار.

ئۈچىنچى پاراگراف: «رابىيە-سەئىدىن» فېئودالىزم ئاخىرقى دەۋرى پاجىئەلىك مۇھىتىنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەن سۈرىتى.

1. **داستاننىڭ** رېئالىستىك قىممىتى. داستاندا تىراگېدىك ئېستېتىك كۆز-قاراشلارنىڭ رۇشەن گەۋدىلەندۈرۈلىشى. نىزارىنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى.

2. داستاندىكى ئوبرازلار خاراكتېرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى.

3. داستاننىڭ تىلى. بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: نىزارىنىڭ مۇخەممەسلىرى ۋە مەسەللىرى.

1. نىزارىنىڭ ناۋايى غەزەللىرىگە ئىشلىگەن مۇخەممەسلىرى 2. نىزارىنىڭ مەسەللىرى

3. نىزارى مۇخەممەس ۋە مەسەللىرىدە زامان، پىكىر ھەسسىيات مەسىلىسى.

## III باب زىيائى، غەرىبى ۋە سەبۇرى ئىجادىيىتى

بىرىنچى پاراگراف: نورۇز ئاخۇن زىيائى

1. زىيائىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

2. «ۋامۇق-ئۇزرا» **داستانى** تەپسىلاتى.

3. «مەسئۇد-دىلارا» **داستانى** تەپسىلاتى.

4. «چاھار **دەرۋىش**» **داستانى** تەپسىلاتى.

5. «مەھزۇنىل ۋائىمزىن» (قايغۇلۇق ئۇتتۇقلار) داستانى تەپسىلاتى.

ئىككىنچى پاراگراف: تۇردى ئاخۇن غەرىبى.

1. غېرىبىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى. زامانداشلىرى.

2. «شاھ بەھرام» داستانى تەپسىلاتى.

3. «كەسىپلەر مۇنازىرىسى»، ياكى «كىتابى غېرىب»دىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقىي مەسىلىلەر.

4. غېرىبى ئىجادىيىتىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تەسىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: ئېمىر ھەسەن سەبۇرى.

1. سەبۇرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى.

2. سەبۇرىنىڭ «ماقالەت». «ناۋايى ئادالەت ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلىرى.

3. سەبۇرىنىڭ «سادائى» تەخەللۇسىدىكى دىۋانى.

4. سەبۇرى ئىجادىيىتىدە ئەنئەنە-يېڭىلىق. پىكىر ۋە ماھارەت.

## IV باب نىزارى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ باشقا نەمۇنىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: لىرىك ئەدەبىيات سەمەرىلىرى.

1. قەلەندەر ۋە لىرىك غەزەللەر توپلىمى «دىۋان قەلەندەر»

2. ئىمىن غوجا مۇھەممەت شەھيارى ۋە ئىشتىياقنامە.

3. ئابدۇكېرىم زىيائى ۋە ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى.

ئىككىنچى پاراگراف: ئېپىك ۋە نەسرى ئەدەبىيات سەمەرىلىرى

1. موللا ئابدۇلغاپپار ۋە «زەپەرنامە شاھ باھادىرخان»

2. **مۇھەممەت** ئابدۇۋەلى قەشقەرى ۋە تەزكىرەئى مەۋلانە ئەقىيە ئىمام زىيىنۇل ئابىدىن **قاغراقى**». (1830- يىلى يېزىلغان)

3. ئەخمەت تۆمۈر ئاقسۇيى ۋە تەرجىمە ئەسەر «ئىسكەندەرنامە»
4. موللا مۇھەممەت تۆمۈر قاراقاشى ۋە «رەشاھات» كىتابى (1719- يىلى يېزىلغان)
4. نىمەتۇللا بىننى ئىسمەتۇللا مۆجىزى ۋە «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن»

## ئون ئىككىنچى بۆلۈم: بىلال نازىمى دەۋرى ئەدەبىياتى

## I باب 19-ئەسىر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: نازۇگۇم ۋە گۈلەمخان خەلق داستانلىرى
1. نازۇگۇم خەلق داستانى ۋەئۇنىڭ رېئالىستىك قىممىتى. نازۇگۇم-خەلق شائىرەسى.
2. گۈلەمخان خەلق داستانى ۋە ئۇنىڭ تىراگېدىيلىك قىممىتى
3. چىن مودەن ھەققىدىكى قۇمۇل خەلق ھېكايىسى

ئىككىنچى پاراگراف: خەلق شائىرى سادىر پالۋان
1. سادىر پالۋاننىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى.
2. سادىر پالۋان قوشاقلىرىنىڭ فېئودالىق زۇلۇمغا قارشى خەلقپەرۋەر ئەھمىيىتى.
3. سادىر پالۋان قوشاقلىرىدا خەلق ۋە ھۆكۈمران كۈچلەر ئوبرازى.

ئۈچىنچى پاراگراف: 19- ئەسىر ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى
1. موللازەيدىن لەتىپىلىرى. 2. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى
3. خەلق لەتىپىلىرىدە ئەمگەكچى خەلق ۋە ھۆكۈمرانلار ئوبرازى مەسىلىسى.

تۆتىنچى پاراگراف: خەلق قوشاقلىرى
1. «ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم غوجام» ھەققىدىكى قوشاقلار.
2. ياقۇپ بەگ ھەققىدىكى قوشاقلار. 3. قۇمۇل-تۇرپان قوشاقلىرى.
4. ئىلى-يەركەند قوشاقلىرى. ئۆسەك ناخشىلىرى. 5. خەلق قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئاخىرقى باسقۇچتىكى فېئودالىق جاھالەت مەنزىرىسى.

## II باب موللا بىلال نازىمى ئىجادىيىتى

بىرىنچى پاراگراف: شائىرنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى شائىر ھاياتىنىڭ پاجىئەسى
1. شائىر بىلال نازىمى ياشىغان مۇھىت ۋە شائىرنىڭ ھاياتى.
2. شائىرنىڭ يەركەندىكى ھاياتى. شائىر ھاياتىنىڭ پاجىئەسى.
3. شائىرنىڭ مىراسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى.

ئىككىنچى پاراگراف: «غەزەلىيات»
1. «غەزەلىيات» نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى.
2. «غەزەلىيات» دىكى تىماتىك مەزمۇنلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەھمىيىتى.
3. «غەزەلىيات» نىڭ تىلى. لىرىكىسى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: تارىخى شېئىرىي قىسسە «غازات دەرمۇلكە چىن»
1. ئەسەرنىڭ باش سەرلەۋھىسى ۋە تۈزۈلۈشى.
2. ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار.



Altunoq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3. ئەسەرنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تارىخىي قىممىتى.
تۆتىنچى پاراگراف: تىراگىدىك داستان «نۇزۇگۇم» ۋە كومېدىك داستان «چاكىموزا يۇسۇپخان»
1. تىراگىدىك داستان «نۇزۇگۇم» ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى.
2. كومېدىك داستان «چاكىموزا يۇسۇپخان» ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئۇتۇقلىرى.
3. بىلال نازىمنىڭ تىراگىدىك ۋە كومېدىك ئېستېتىك قاراشلىرى.

III باب 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشقا نامايەندىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: مۇسا سايرامى 1. مۇسا سايرامىنىڭ ھايات-پائالىيىتى.
2. تارىخىي-نەسرىي ئەسەر «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدىيە»
3. مۇسا سايرامىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.
4. مۇسا سايرامىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە شېئىرىي ماھارىتى.
ئىككىنچى پاراگراف: ئابدۇللا خاراباتى
1. مۇتەپەككۇر شائىر ئابدۇللا خاراباتىنىڭ ھايات-پائالىيىتى.
2. ئابدۇللا خاراباتىنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋىي خاراباتى» ناملىق دىداكتىك داستانى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتى.
3. ئابدۇللا خاراباتى ئىجادىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تەسىرى.
ئۈچىنچى پاراگراف: سەييىت مۇھەممەت قاشى
1. سەييىت مۇھەممەت قاشىنىڭ ھاياتى. 2. «شەرھى شىكەستە» نىڭ مەزمۇنى ۋە تەپسىلاتى.
3. شائىرنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى.
تۆتىنچى پاراگراف: مۇھەممەت ئۆمەر ۋە نىيازى شېئىر دىۋانلىرى
1. مۇھەممەت ئۆمەر ۋە «دىۋان ئۆمەرى». 2. تۇرپانلىق شائىر نىيازى ۋە «دىۋان نىيازى».
بەشىنچى پاراگراف: ئەخمەتشاھ قارىقاش
1. ئەخمەتشاھ قارىقاش ۋە ئۇنىڭ «ئات»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» ناملىق ساتىرىك شېئىرلىرى.
2. ساتىرىك شېئىرىيەت ژانىرىنىڭ ئېستېتىك ئەھمىيىتى.
ئالتىنچى پاراگراف: ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى 1. شائىرە سىكىنە شېئىرلىرى. 2. شائىرە مۇزەييەنە شېئىرلىرى. 3. شائىرە ئەزىزە شېئىرلىرى.
شائىرە ئۇۋەيسى. نادىرە شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر شائىرلىرىغا تەسىرى.

IV باب 19-ئەسىر ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيەت سەمەرلىرى

بىرىنچى پاراگراف: شائىر ناقىسى ۋە «گۈلزار بەدەش»
1. شائىر ناقىسىنىڭ ھايات-پائالىيىتى.
2. «گۈلزار بەدەش» داستانىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنى.
3. «گۈلزار بەدەش» نىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى.
ئىككىنچى پاراگراف: شائىر ئاشۇر ئاخۇن غەرىبى ۋە «ئەھمەد ئەلى» داستانى
1. شائىرنىڭ ھايات-پائالىيىتى.

2. داستاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھېكايەتلىك مەزمۇنى.

3. داستان ھەققىدىكى تەھلىلى تەپسىلات.

ئۈچىنچى پاراگراف: تەجەللىي ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

1. تەجەللىينىڭ ھايات-پائالىيىتى.

تەجەللىينىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى. «بەرقى تەجەللىي»

3. تەجەللىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

تۆتىنچى پاراگراف: تەرجىمە ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى

1. سىراجىددىن مەخمۇت ۋە ئۇنىڭ «مەلىكچە»گە تەرجىمىسى.

2. قوشۇمچە: شاۋسۇن، لىن زېشۈي ۋە خۇڭ لياڭجى شېئىرلىرىدا ئۇيغۇرلار ھاياتى تەپسىلاتى.

## تۆتىنچى توم

## يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## ئون ئۈچىنچى بۆلۈم

## كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرى ئەدەبىياتى

### I باب ئومۇمىي ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ئوبزور

### بىرىنچى پاراگراف: فېئوداللىزمنىڭ ئومۇمىي بۆھرانى ۋە يېڭىچە ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى

1. جاھانگىرلىك باسقۇنچىلىقى خەلقئارا بۇرژۇئازىيە، چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرى. شىنجاڭدا ئەنگلىيە. ياپونىيە. روسىيە ۋە شۋېتسىيەنىڭ ئېلىپ بارغان تاجاۋۇزچىلىق ئىشلىرى. چەتئەل مىسسىئونېر- ۋە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى. خوتەن-لوپ-كىرورەن. كۇچار. قارا شەھەر. تۇرپان ۋە قۇمۇلدىكى مەدەنىي يادىكارلىق ئوغرىلاش ۋە كىتاب كۆيدۈرۈش. ئىلى ۋە ئۈچتۇرپان- دىن چاررۇسىيە تۆمۈريولىغا چىققان «لاشمان» ئىشچىلار.

2. شىنجاڭدا يەرلىك بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى. بۇرژۇئازىيىلە- شكەن ئاقسۆڭەكلەر ۋە فېئوداللار، پاختىچىلىق. توقۇمىچىلىق. تېرە-ئۈچەي كارخانى- لىرى ۋە خەلق ئىشچىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى دەسلەپكى قەدەملەر. خەلق قوشاقلىرىدا شەكىللەنگەن سانائەت. كان. تۆمۈريول قوشاقلىرى.

3. 20- ئەسىر بېشىدا شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھى- دىلىكلىرى. خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇملار. ئۇلارنىڭ خىللىرى ۋە خەلق ھاياتىدىكى نامراتلىق. نادانلىق.

ئىككىنچى پاراگراف: شەرق خەلقلىرىنىڭ ئىنقىلابى ئۆركىشى ۋە شىنجاڭدا كونا دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى

1. تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابىنىڭ سالماقلىق تەسىرى. روسىيە ۋە ئورتا-يېقىنى

ھەرقىتىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ كۆرنەرلىك تەسىرى تۈركىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى.

2. يېڭىچە ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى. روسىيە. ھىندىستان. ئىران. تۈركىيە. مىسىر قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ قايتقان مۇھاجىرلاردىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسىنىڭ يېڭى ئالامەتلىرى پۈرقەت شەكىللەندۈرىيەتتى. تەجەللى غەزەللىرىدىكى يېڭىچە پىكىرلەر ئەينى زامان شەرق شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى.

## II باب

## دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ۋە بۇرژۇئازىيە مەرىپەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: كونا دېموكراتىك ئەدەبىيات پىكىر ئېقىمىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى

1. دىن ۋە تەبىئەت ئىلىملىرى. ناتۇرال پانتېئىستىك پىكىرنىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈشى ۋە دىن بىلەن تەبىئەت ئىلىملىرىنىڭ پاراللېللىقى تەشەببۇسلىرى. دىنىي ئىسلاھاتچىلىق تەشەببۇسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى. شامى داموللا رۇسىيە (قازان) ۋە تۈركىيەدە يېڭىچە دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى.

2. جەدىدىزم. جەدىدىزم تېرمىنى كافكاز (شامىل) ھەرىكىتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا جەدىدىزم. ئىسلامىيەت شەرقىدىكى جەدىدىزم ھەرىكىتىنىڭ پىكىر ئېقىمى. مائارىپ قاراشلىرى ۋە نەشىر ئەفكارلىرى.

3. كونا دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسىي تېمىسى مەرىپەتپەرۋەرلىك ئۈيغىتىش تەشەببۇسى ئىكەنلىكى. چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ كونا دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىدىن پايدىلىنىش غەرەزلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: يېڭىچە مەكتەپ ۋە مائارىپنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى

1. جەدىدىزمنىڭ دەسلەپكى پاجىئەسى ۋە مۇرەسسەسى. دىنىي ئوقۇتۇش بىلەن پەننىي ئوقۇتۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى. ئەڭ دەسلەپكى خەلق مەكتەپلىرى.
2. مەمتىلى ئەپەندى-تەۋپىق ئۇنىڭ يېڭىچە مائارىپتا ئوينىغان رولى. تەۋپىق شېئىرلىرى.
3. ئىسمايىل ھاجى بەگ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى.

## III باب ئابدۇقادىر ئەزىزى كونا دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ۋەكىلى

بىرىنچى پاراگراف: ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ھايات-پائالىيىتى

1. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ ھاياتى ۋە ياشىغان مۇھىتى.
2. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى پائالىيەتلىرى.
3. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ فېئودallıق جاھالەتكە قارشى پائالىيەتلىرى.
4. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ نادانلىققا قارشى مەرىپەتچىلىك پائالىيەتلىرى
دىنىي مۇئەسسەسەلەر بىلەن بولغان كۆرەشلەر. مەكتەپ ئىسلاھاتى ۋە ئوقۇتۇش جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى.
5. ئابدۇقادىر ئەزىزىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى.

6. خەلقنىڭ دېموكراتىك زاتقا بېغىشلىغان مەرسىيە قوشاقلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: ئابدۇ قادىر ئەزىزنىڭ ئەسەرلىرى تەپسىلاتى

1. ئابدۇ قادىر ئەزىزنىڭ ئەسەرلىرى.
2. ئابدۇ قادىر ئەزىزى ئەسەرلىرىدىكى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار تەشەببۇسلىرى.
3. ئابدۇ قادىر ئەزىزى ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى ۋە بەدىئىي قىممىتى.

ئۈچىنچى پاراگراف: ئابدۇ قادىر ئەزىزنىڭ سەپداشلىرى ۋە زامانداشلىرى

1. قۇتلۇق شەۋقى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى. شەۋقى شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ماھارىتى، قۇتلۇق شەۋقى شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى، قۇتلۇق شەۋقى ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتى، شىنجاڭدا گېزىتچىلىكنىڭ مەيدانغا كېلىشى، قۇتلۇق شەۋقىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى.
3. سېيىت ئارتۇشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى.
4. ئۇششۇر قارى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى.

## VI باب 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى

بىرىنچى پاراگراف: ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ ژانىرلىق ئىپادىلىرى

1. ئەمگەك ۋە زۇلۇم ھەققىدىكى قوشاقلار.
2. مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ھەققىدىكى قوشاقلار.
3. مۇساپىرلىق ۋە يۇرت ھەققىدىكى قوشاقلار.
4. ئىجتىمائىي-ھەجۋى قوشاقلار. 5. مەرسىيەت ھەققىدىكى قوشاقلار.
6. داستانكەشلىك ۋە مەدداھلىق ئەدەبىياتى.
7. خەلق ھېكايىلىرىنىڭ ئۈتۈقلىرى.

ئىككىنچى پاراگراف: سېيىت نوچى.

1. سېيىت نوچىنىڭ ھاياتى ۋە ياشىغان دەۋرى.
2. سېيىت نوچىنىڭ «گېلاۋخوي» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى.
3. سېيىت نوچىنىڭ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا چىقىشى. ئۇنىڭ لېنىن ۋە خەلق ھاكىمىيىتى توغرىسىدىكى قوشاقلىرى.
4. سېيىت نوچىنىڭ ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىدا ئوقىغان قوشاقلىرى.
5. سېيىت نوچىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى. سېيىت نوچىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى توقۇغان قوشاقلىرى. «سېيىت نوچى» خەلق داستانىنىڭ ئوينۇلىشى.

# ئون تۆتىنچى بۆلۈم

# ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى

## I باب ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئۇيغۇر قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي بايانى

بىرىنچى پاراگراف: ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە جاھان ئىنقىلابى ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى دەۋرى

1. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى.
2. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى يېڭى دەۋر.

ئىككىنچى پاراگراف: ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويۇشى.

1. ئابدۇللا توقاي، هادى ئاقتاش ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن دەسلەپكى، كۆرۈنەرلىك تەسىرى.

2. ئوتتۇرا ئاسىيا-قازاقىستان يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمزە ھېكىم زادە، ئابدۇ قادىر جولقۇنباي. سەدرىددىن ئەينى.

3. سوۋېت رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى

1. سوۋېت ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇنۇشى نەشىر ئەفكارلىرى. 1918-يىلى نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان «سادائى تارانچى» (ئالما-ئاتا)، 1921- يىلى نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان «كەمبەغەللەر ئاۋازى» (تاشكەنت)، 1925- يىلى نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان «توخماق» (پىرۇنزى). 1927 يىلى نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان «ئىنقىلابى شەرق» (پرۇنزى). «قىزىل تۇلۇش» (پرۇنزى) قاتارلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىتلەر.

2. ھېزىم ئىسكەندەروۋ. نۇرئىسرائىلوۋ. مومىن ھەمرايېۋ ئىجادىيىتىنىڭ ئىدىيۋى ۋە بەدىئىي تەپسىلاتى.

3. ئۆمەر مۇھەممىدى ھىكايىلىرى ۋە شېئىرلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن ئۇلگىلىك تەسىرى.

4. سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى باشقا سەمەرەلىرى.

## II باب ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى ۋە يېڭى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى.

1. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭغا تەسىرى. شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى.

2. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن گىراژدانلار ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي-ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىشى.

3. يېڭى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشى، كونا دېموكراتىك مەرىپەتچىلىك ۋە جەدىدىزمىنىڭ پارچىلىنىشى زىيالىيلاردىكى پارچىلىنىش.

4. سوتسىيالىزم ۋە پان ئىسلامىزمىنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى تونۇشلىرى.

5. يېڭى دېموكراتىك ئەدەبىيات ۋە تەرغىباتنىڭ كۈچەيتىلىشىدە 3- ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئوينىغان رولى.

ئىككىنچى پاراگراف: موللانازىم موللانىياز



AltunOq

1. شائىرنىڭ ھايات-پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى.

2. «كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار» (1921- يىلى قەشقەر نەشرى)، «ئۆلگە خەلقىگە مۇراجىئەت ئەشئارلار» (1921- يىلى قەشقەر نەشرى) نىڭ جاھانگىرلىككە قارشى دېموكراتىك مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتى.

3. «كۆرگەن-بىلگەن. ئاڭلىغانلاردىن» (1922- يىلى قەشقەر نەشرى) نىڭ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنى ۋە لېنىن ئوبرازىنى تونۇشتۇرۇشتىكى رولى.

ئۈچىنچى پاراگراف: نەۋرۇز يوسۇپى

1. شائىرنىڭ ھايات-پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى.

2. «ئۇيغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى» (1923- يىلى قەشقەر نەشرى) نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى.

3. «نىقابلار». «زاۋال» ناملىق ئالمىناخلار تەپسىلاتى.

تۆتىنچى پاراگراف: مۇسا خوتەنى

1. شائىرنىڭ ھاياتى-پائالىيىتى ۋە شېئىردىي ئەسەرلىرى.

2. «ئاسارەتكە ئوت ياق!» ناملىق شېئىرى ئالمىناخىنىڭ تەپسىلاتى.

3. مۇشۇ دەۋر ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ تارىخىي ئورنى.

## III باب ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت يولى

بىرىنچى پاراگراف: ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان ئۇيغۇرىنىڭ ياشىغان دەۋرى. ھايات-پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ باسقۇچلىرى

1. ئابدۇخالىقنىڭ ياشىغان دەۋرى—شىنجاڭدا يېڭى-كونا ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەش دەۋرى.

2. ئابدۇ خالىقنىڭ ھايات-پائالىيىتى مەرىپەتپەرۋەرلىك باسقۇچى.

3. ئابدۇ خالىقنىڭ شىنخەي ئىنقىلابى تەسىرىدىكى كونا دېموكراتىك ئىدىيىۋى باسقۇچى. سەنمىن جۇيىلىق-سۇنجۇڭشەنچىلىكنىڭ ئابدۇ خالىقنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدىكى ئىپادىلىرى.

4. ئابدۇ خالىقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سەپىرى ۋە ئوقۇشى، ئابدۇ خالىق سوۋېت شەرقىدە، موسكۋا ۋە لېنىنگرادتا. ئابدۇخالىقنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىدىيىۋى باسقۇچى.

5. ئابدۇ خالىق ئۇيغۇرىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىشى. ئابدۇ خالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتى.

ئىككىنچى پاراگراف:

ئابدۇ خالىق ئۇيغۇرى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكلىرى.

1. ئابدۇ خالىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدىن مىسال ۋە مۇھاكىمە.

2. ئابدۇ خالىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدىن مىسال ۋە مۇھاكىمە.

3. ئابدۇخالىقنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچتىكى شېئىرلىرىدىن مىسال ۋە مۇھاكىمە.

4. ئابدۇ ھالىق شېئىرلىرىنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى.

ئۈچىنچى پاراگراف: ئابدۇ خالىق ئۇيغۇرى شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي **خۇسۇسىيەتلىرى**

1. ئابدۇ خالىق شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى.
2. ئابدۇ خالىق شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ۋاسىتىلىرى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرى.
3. ئابدۇ خالىق شېئىرلىرىدا مەسخىرە ۋە مەدھىيە ئامىللىرى.
4. ئابدۇ خالىقنىڭ زاماندashلىرى روزىمەت ۋە ئەخمەت ئوشۇر شېئىرلىرىدىكى دېموكراتىك پىكىر ۋە بەدىئىي شەكىل مەسىلىسى.

## ئون بەشىنچى بۆلۈم

## 30 ـ يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا قايناملىق ئۆركەش

### I باب 30 ـ يىللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىي ئوبزورى

بىرىنچى پاراگراف: **شىنجاڭنىڭ 30 ـ يىللاردىكى ئىنقىلابى ئىجتىمائىي مۇھىتى:**

1. شىنجاڭدا 30 ـ يىللاردىكى دېھقانلار ئۇرۇشلىرى، شىنجاڭدا ئاپرېل ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىيىتىنىڭ خاس خۇسۇسىيەتلىرى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى، ئېلىمىز ئىچىدىكى بىرلىكسەپ تەشەببۇسىنىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى. خەلقئارا فاشىزمغا قارشى بىرلىكسەپ مەيدانغا كېلىش ھارپىسىدىكى ۋەزىيەت.

3. ئاپرېل ئۆزگىرىشى ۋە شىنجاڭدا يېڭى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئۈستۈنلۈك ئېلىشى. «6 سىياسەت» ۋە ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى.

ئىككىنچى پاراگراف: ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ۋە 30 ـ يىللاردىكى ئىنقىلابىي مەدەنىيەت دولقۇنى.

1. ماركسىزملىق سىياسى ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ شىنجاڭدا يولۇشى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مەدەنىي ئاقارتىش ھەرىكەتلىرى، 30 ـ يىللاردا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت دولقۇنى ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سوۋېت ئەدەبىياتىدىن بىۋاسىتە پايدىلىنىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش ۋە يېڭىچە زىيالىيلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى.
2. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتچىلىرى. «مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما» لىرى يېڭىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مائارىپنىڭ مەيدانغا كېلىشى. ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ماركسىزمنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى قىلىنىشى.

### II باب ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ يېڭى نامايەندىلىرى

بىرىنچى پاراگراف

شېئىرىيەت ژانىرلىرى. مەزمۇنى ۋە شەكلىدىكى يېڭىلىقلار

1. يېڭىچە بارماق ۋەزنى ۋە ئەركىن ۋەزىن (چاچما) شېئىر شەكىللىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، يېڭى شېئىرىي شەكىل ۋە ئارۇز شەكلىنىڭ ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىمىزنى بېيىتىشى.

2. يېڭى شېئىرىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى ۋە بىر قاتار ئىددىيىۋى تېما تىپلىرى. پەن-مەدەنىيەت، يۇرت-ۋەتەن. مۇھەببەت دوستلۇق. زۇلۇمغا قارشى ئويغىنىش مەزمۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا چىقىشى شېئىرىيەتتە سوتسىيالىستىك پىكىر ئېقىمى.

3. ھەجۋىي شېئىرىيەت شەكىللىرى-ئەدەبىياتتا پاش قىلىش ۋە تەربىيە.

4. يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە رېئالىزم مەسىلىلىرى.

5. يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىدا ئوينىغان رولى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى.

ئىككىنچى پاراگراف ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى ۋەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي سەمەرىلىرى

1. نىزامىددىن باقى ۋە ئۇنىڭ «مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن» ناملىق شېئىرى.

2. خەلىل سەتتارى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

3. نۇر بوساقوۋ ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

4. خوجا ۋەردى تالىپ ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى.

## III باب ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ يېڭى نامايەندىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: يېڭى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

1. ئۇيغۇرلاردا پروزىچىلىق تارىخى ھەققىدىكى قىسقىچە ئەسلىمىلەر.

2. يېڭى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى. نۇر ئىسرائىلوۋنىڭ «كۆنەلەر» ناملىق پوۋېستى ۋە مۆمىن ھەمرايېۋ (ئالىم ئاخون)نىڭ «ئېغىر كۈنلەردە» ناملىق پوۋېستى ۋە «دولقۇنلار ئارىسىدا» ناملىق رومانى، تۇردى ھەسەننىڭ «زۇلۇم ئۈچىنچى» پوۋېستى.

3. شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپكى نەسرىي ئەسەرلەر تەپسىلاتى.

ئىككىنچى پاراگراف: يېڭى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ نەمۇنىلىرى.

1. زىيا سەمەدىنىڭ ئازاتلىققىچە يازغان ئەسەرلىرى ئەسەرتىلى مەزمۇنى ۋە بەدىئىي ۋاستىلىرى.

2. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئازاتلىققىچە يازغان نەسرىي ئەسەرلىرى. ئەسەرنىڭ تىلى، مەزمۇنى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى.

3. يېڭى ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ رېئالىستىك خاراكتېرى، ئىددىيىۋى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى.

## IV باب ئۇيغۇر دراماتورگىيىسىنىڭ يېڭى نامايەندىلىرى

بىرىنچى پاراگراف: 30- يىللاردىكى يېڭى دراما ئۆركىشى

1. ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيىتىدە دراماتورگىيىنىڭ ئوينىغان ئاۋانگارتلىق رولى ئۇيغۇر تىياتىر تارىخىدىكى غايەت زور يۈكسىلىش.

2. ئەينى يىللاردا قۇرۇلغان يېڭى سانائىي نەفىسە-تىياتىرلار. ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ 3 جەڭگاھى-مەكتەپ. گېزىت ۋە تىياتىر ئۆمەكلىرى 30- يىللار ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا تىياتىر سەنئىتىنىڭ بىۋاستە تەسىرى.

---

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى
تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى
يېزا ئىگىلىك 1-دىۋىزىيە مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

---

نومۇرى: CN65 - 1014/Z    باھاسى: 0.40 يۈەن